مۇداپىئە قىلىشى ئۈچۈن كۇچادىن 10 مىڭ كىشىلىك، بەشبالىقتىن 10 مىڭ
كىشىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىنى يولغا تەييارلىغان ئىدى.

840-يىلى ئۇيغۇرلۇق ئەسىرى ئاپەتلەر، شىمالى ئورخۇندىن ۋە ئۇ چىن پايتەختىدىن ئىچكىرى
قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ، ئوردىدىن شەرقى ئۇيغۇرلار، ئوردىدىن يۇرتلىرىنى قاراباغاسۇننى
تاشلاپ غەربى ئۇيغۇرلار ئەتراپىغا — ئەلىرىشىگە ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلدى. كېيىنكى
ئارىلىقلاردا قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى، قاراخانىيلار، قاغانلىقى قاتارلىق
دۆلەتلەر، ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىن زېمىنىدا ئوغۇزخان مۇستەقىل دۆلەتلىرى
بولغۇچى بۇ ھەقتە ئىسپات ئەتراپىدا ئىسلام ھۆكۈمرانلىق ئەھمىيىتى يوق.

بىر يۇقىرى تارىخى دەۋرلەردە تۈركىستاندا جۈملىدىن شەرقى تۈركىستاندا ھاكىمىيەت
ئوغۇزخان تۇرا، ھون، ساك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كەلىپ چىقىشى جەھەتتە ۋە ئېتنىك جەھەتتە
بىر مەنبەلىك بولغان ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئىكەنلىكى پاكىتلىق ھەقىقەتتۇر.
مىلادى II ئەسىردىن V ئەسىرگىچە ئەلىرىشىگە تىككەن، كېيىن ئەتراپلىرىغا كۆچۈرۈلگەن
سابىرلار (سۇۋارلار) دۆلىتى ھەققىدە چىن تارىخچىسى لىيوڭ شۇ: «سابىرلار دۆلىتىنىڭ
ئۆرپى-ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى تۆگۈز ھارۇقلارنىڭ بىلەن ئوخشاش» دەپ يازىدۇ.
بۇ ھەقتە چىن تارىخچىسى ۋېي شۇ (VI ئەسىردە ياشىغان): «تۆگۈز ھارۇقلار
ئەدىنقى چاغلاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىدىن ئىدى، باشتا ئۇلار، ئۇيغۇرلار دەپ
ئاتالغان، شىمالىيلىقلار ئۇلارنى تۆگۈز ھارۇقلىق ئۇيغۇرلار دەپ ئاتاشقان. ئۇلارنىڭ
تىلى ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئازراق پەرقى كۆرۈلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى ھونلارنىڭ جىيەنى ئىدى.» دەپ خاتىرىلىگەن ئىدى.
چىن تارىخچىسى لىيۇجۇنا (X ئەسىردە ياشىغان) مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇرلار
نىڭ ئاتا-بوۋىسى ھونلارنىڭ ئەۋلادى. ۋېي سۇلالىسىگە كەلگەندە ئۇلار تۇرا
قەبىلىسى دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ بويى ئۇيغۇرقى ئاتىغا تۆگۈز ئەمەس. ئەمما ئاھالىسى
كۆپلۈك ۋە قەيسەر، ئۇلار تۆگۈز ھارۇقلار بىلەن يۈرىدۇ. ئۇلار تۇرا دەپمۇ
كېيىنكى كىلىپ ئۇلار ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالدى». چىن تارىخچىسى ئوۋ ياڭشيۇ (XI ئەسىر)
«ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى ھونلار ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە تۆگۈز چاقلىق ھارۇقلارغا
چوشۇپ يۈرىشىدۇ. كېيىن چىلى، ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالدى.» چىنلارنىڭ XVI ئەسىر

دە تۈركلەرنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى، تارىخچىسى ئۆيى چىبالە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھونلارنىڭ ... ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بەلگىلىك تېرىتورىيە يوق ئىدى. ئۇلار خەزەر دېڭىز (كاسپىي دېڭىزى) نىڭ شىمالىدىن ئارتىپ ئاتىچ جايلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان» دەپ يازغان.

مىلادىيە 735-يىلى ئورنىتىلغان بىلگە قاغان ئابىدىسىدە: «ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى......» دەپ خاتىرىلەنگەن. توققۇز ئوغۇز - شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئاتالمىسى ئىدى.

مىلادىيە 1-ئەسىردە ياشىغان رىم تارىخچىسى پىلىنىي: «سكىفلار (ساكلار) بىلەن ئۇيغۇرلار بىر تۈركۈم» دەپ ھۆكۈم قىلغان.

«كونا تاڭنامە - ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلار بولسا ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، كېيىنكى ۋېي خانلىقى (386 - 534) دەۋرىدە ئېگىزقاڭقىللار دەپ ئاتالغان... كېيىنچە ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغان» دەپ ئېنىقلانغان.

جۇڭگودىكى ئەڭ ئاتاقلىق تارىخشۇناسلارنىڭ ... مىللەتلەرنىڭ مەنشەئى ... ئوتتۇرا ئاسىيادا، تۈركىستاندا، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەزەلدىن بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن. بۇ زېمىنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدە ھەتتا چىن تارىخچىلىرىمۇ ئېنىق يېزىپ قالدۇرغان.

بىراق خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ چىن ھۆكۈمرانلىرى ھەر زامان ئۆزلىرىنىڭ ... بۇ زېمىنلارغا تاجاۋۇز قولىنى سوزۇپ كەلگەن. بۇ توغرىلىق يازغان «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» ... ئىبارىلەر ... ئۈچىنچى ... پادىشاھلىق ... يازغان ... قىلغان: «جۇڭگو ... خاتىرىلەنگەن ... ئۆز ... ئۆزىنى كۈچلۈك ... دۆلەت ... بولۇپ ... ئۆزىنىڭ ... ئىمپېرىيە ... مىللەتلەرنى ... » چىن ھۆكۈمرانلىرى تارىختىن بۇيان ... ئىمپېرىيىسى ئۇيغۇرلار دۆلەتلىرىنى، جۇڭگو ... دۆلەتلىرىنى، ئۇيغۇر مىللەتلىرىنى جۇڭگو ... ئۆز دۈشمىنى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ... بېسىۋېلىپ ... بۈگۈنكى 2 مىليون كۋادرات كىلومېتىر ... شەرقىي تۈركىستاننى قالدۇردى. ھالبۇكى چىن كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ... قىلىپ ... ئۇلارنىڭ ... ھېسابسىز بايلىقلىرىنى بۇلاپ، ئادالەتسىز ... بۇ زېمىنلار ... ئۆزلىرىنىڭ ... تارىخنى ... بۇرمىلاپ، ساختا تارىخ ... دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداشقا ئۇرۇنماقتا.

چىن كوممۇنىستلىرىنىڭ ساختا تارىخچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ دەۋرىدە ئۆتكەن
بەزى يادىكارلىقلىرى يەنى ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقلىرىنى بىر مەزگىل
ئىشلەتكەنلىكىنى سۈيئىستېمال قىلىپ چىن سۇلالىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قوغدۇنۇش ئەسكىرى
بازىلىرىنى تەسىس قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلىش
ھەمدە يېتىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۈركىستان تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، بۇ يېزىقچە
كەلگەن بارلىق تارىخلارغا ۋە تارىخى شەخسلەرگە «دۆلەتچىلىك، مىللەتچى، پانتۈركىست»
ئاتالمىش چاپلاپ ئۇيغۇرچە قوشۇمچە ئىچىدە ئۇچۇرۇۋەتتى. ئەنە شۇ يوقۇشتىن دۇنيادىكى تارىخشۇ-
ناسلار، تۈركشۇناس ئالىملارنىڭ بۇ يۇرتقا ئەنگىزلەرگە تەۋە تارىخقا بەسىق ھاقارەت
كەلتۈردى، شۇ سەۋەبتىن ئۆز تارىخىنى ئانا تىلىدا ئەمەس قەدىمى قىلىنغان
رىسالە ياكى باشقا تىلدا قېلىپ ئۆز مىللى مەدەنىيەت ۋە تارىخىغا كۆز يۇمدى.
ھەقىقەتتىن باشقا تارىخلارنى، تارىخى رىسالىلىقىنى ئىنكار قىلغان ھەمدە سىياسى
مۇددىئاسى ئۈچۈن ساختا تارىخ توقۇپ چىققان ھەرقانداق كىشىنىڭ تارىختا
ئىسلاھاتچى ئالىم بولالمايدىغانلىقى، ئۆز يۇرتىغا ئۆزى ياللانما بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.
ئاخىرىدا شۇنى تەكىتلەش بىلەن چاكانلايمەنكى بۇ ئۇزۇن دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە
قوشقانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ ئۇلۇغ تارىخنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىگە ھۆكۈم
قىلدى. سۇلالىلەر بۇ، شەرقىي تۈركىستان - شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇقەددەس
ئانا ماكانى ۋە مۇقەددەس زېمىنىدۇر.
شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى چىن كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىستىلاسىدىن
قۇتۇلۇپ ھۆررىيەتتە ئازاتلىق بايرىقىنى چوقۇم جۇلالاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇر ئايال ياشى 46، سەھىيە مۇھاجىرى رابىيە

قىسمەت 4 مەلىيە دە پۈتۈن تىلتك دەۋلەت

ئىسلام [illegible] سىياسىي ئىدىئولوگىيە [illegible] ھا

[illegible] ئاممىسى ھاكىمىيىتى مۇستەبىت [illegible]

ئىشى مۇستەبىت [illegible] ئالاھىدە بارلىق [illegible] .

ئۇيغۇرلار [illegible] ئاممىۋى [illegible] ئاخشاملىرىنى

ياشاش [illegible] شەھادى ئاخشاملىرى

شەھادى [illegible] بارلىق [illegible] ئىستانبۇل [illegible]

مىللەت [illegible] ئاخشاملىرىدىن

[illegible] پاكىستان [illegible] ھىندونېزىيە

[illegible] ئاخشاملىرى [illegible] 1

[illegible] ئالقىشقا [illegible] ھىندونېزىيە، پاكىستان

كۇۋەيت، ئىراق، سەئۇدى [illegible] شىمالى

ياۋروپا [illegible] دۆلەتلىك

[illegible] ئالقىشقا [illegible]

دەۋلەت [illegible] 1 [illegible]

[illegible] ئافغان [illegible] ئاخشىمى

رەسساملار ئىتالىيە، ئىتالىيان ئۆسمۈر كۆرۈ ياشى

دەۋرى تىلى بىرگە دە ئەدەبىيات ئەرشەت

ئۆسمۈرلەر ئۆسۈل، ئۆز بىلىم دە ھەر مىللەت

ئۆسۈلى، ھەر قايسى ئۆز يېڭى ئۆسۈللىرىنى

ئۆستۈرۈپ دە دەۋر ئىرىشى يېڭىلىقلار، ئۆرنەك

تەتقىقاتلىرى شىنجاڭدا ئىشلەتكەن قەلەمدە يېڭى

رەسساملىق ھەم ئېلىمىز دە ئىلغار

تەتقىقاتلار تاراشلىق ئۆسۈلىنى،

شۇنىڭدەك يالاپ، يېڭى ئۇسلۇبتا

ئىلگىرى دە يېڭى ئۇسلۇب چىقىشى بىلەن

ئۆستۈرۈپ قوغداپ قېتىمقى ئالقىشقا ئېرىشتى

تۇنجى ھاكىمىيەت 29 يىلى، ئۇيغۇر خەلقى ئايال
دۆلەت تىلى ئەرەب دەرىجىلىك ئەرشىت
مەملىكەت تىلى دەۋرى ۋە قوشۇن ئارىسىدىكى ئۇسۇل
مەدەنىيەت ئىشلىرى دەرىجىلىك ئۇسۇل
مۇكەممەل ياشىنىپ ئېشىلگەن

ئەسىرلەر يانىدا، سوۋېت تىللىرى
دۆلەتلەردە ئۇيغۇر يېزىقى ئۇسۇل
ئۇيغۇر تىلىنى ئالغان ئىشلەنگەن

تامامان 24 ياشقا، ئۆسمۈر
دۆلەتلىك 2-نچى دەرىجىلىك ئۇسۇلچى
مالايسىيا، سىنگاپور، سوۋېت قاتارلىق
دۆلەتلەردە يالغۇز ئۇسۇل ئويناپ
قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن

装

订

线

مەمنىيە ت ئايال ئۆسمۈر ھالى 24 ياشلىق

دەۋردە تىلىك تۆت بىجى دەر ھەلىىك چىرقىشت

ھەم ئۆسۈل ئوينايدۇ، ھەم ناخشا

ئېيتىدۇ. سۆۋشىل بىرىپ ئۆتۈرۈن قوۋيو

قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

م يىقەرجى

装

订

线

شۇ ماشىل مايان 59 يىلى 2 رتۇسىغىز

دودى تىلسە 2 نىچى دە رجلبىسە مىغزىشاشت

تۇسىغىز ملتىشىغ 8 خىل مغىز سلىسىنى

چا لالىدۇ ① رادىق ② نىي

③ داپ ④ سانتا ⑤ غجىلە

⑥ تاشى ⑦ چاغ [8] تورشوھ

装

订

8 خىل مىزنىلىن سىنىدە چلىپ شاد وترىون

线

رايدىلوق مىزنىشا ھوسىاتقىسى بىرنچى

دە رجلبىسە ھوتتا ياشقا ئرشكىن

ئىچىدىن، ئۆگىنىدىغانلار ئاچ يالىڭاچ،

چاناق چالىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدىكى

دە رەقىبلىرىمىزنىڭ نىشانى

ئۆرنىدىن دۆلەتلەردە ئۆگىنىش

قەيسەرچىلىك قىلىنىشى ئاساسلىق شەكلىدۇر.

ئەسلىمە بىلەن، تۆۋەندىكى 86 يىلى
غەيرەت قىلىدۇ،
بەلكى ئىلمىي نىڭ ئەدەبىي ماقالە سالاھىيەت
ئۆزى بىر ئىلمىي سودىگەر قاتارلىق
دۆلەتلەردە ئۇسلۇب قوشۇپ قېرىنداش
ئالاقىسى ئۈزۈلگەن،
غەيرەت ماھىرى

داۋۇت ئادەم ئۆمرى 48 يېشى ئۇيغۇر

دەۋرى تىلى بىرىنچى دە ۋە جەمئىيەت مەدەنىيەت

دەۋرلىرى تاشقى ۋە خەلقئارا ئاتالغۇ

مەدەنىيەتنىڭ بولۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئادەمنى ئىنسانىي دائىرىگە يەتكۈزۈپ

تەرەققىي قىلمىدى.

ياپونىيە، ئامېرىكا، ھىندونېزىيە

ئىشتان بېرىپ مالايسىيا قاتارلىق 20

نەچچە دۆلەت تىلى يېزىق قوللىنىپ

تىلغا ئالاقىدار ئىشلارنى.

ياسىن ئۆسكۈنەر 28 يېشى

دۆلەتلىك تالانت خەنبى دەرىجىلىك مۇكاپات

ئېرىشىپ خەلقئارالىق سودىسى قاتارلىق

كۆپ دۆلەتلەردە ئۆسۈملۈك قوغداش

تېخنىكىسى ئالاقىسى ئۆتكۈزگەن

تالانتلىق [illegible] داپ ماھىرى

装

订

تولغۇرۇشىمنى. 23 ياشلىق ئۇيغۇر ئايال
دۆلەتلىك تۇنجىدە دەرىجىلىك مەنزىلگاھنى
مالايزىيادىكى ... بىلىملىك. شۇنداق بولسىمۇ تاتارلىق
دۆلەتلەردە ئۈمىدىڭ قوغداپ
قىزغىنلىقتا ئىشلىگەن
ياشلىق ئايال ... ماچىدى.

بىر كېچىلىك تاماشىسى. 15 كىشىدىن 11، 12 كىشىلىك
بىر كىشىلىك بولىدۇ. يالغۇز مۇزىكا، يالغۇز
ناخشا، يالغۇز ئۇسسۇل ۋە تاماشىلىك
مۇزىكا، ناخشا، تاماشىلىك ئۇسسۇل. ئۇ ھەم
تۆت ئورۇنلاشقان تاماشىسى. بۇلار
بىر يېرىم سائەتتىن 2 سائەتكىچە بولىدۇ،

بىز بارىدىغان دۆلەتلەردىكى بارلىق چوڭ شەھەرلەر
دە ئۇيۇشتۇرۇلغان كونسېرتلاردا كۆرسەتتۇق
بۇ ھەم ئاندىن ھەر بىر شەھەردە تەشكىل
بولىدىغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىلمىي ماقالىلەردىن تەرجىمەلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

~ 5 ~

«شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئون چوڭ تەتقىقات تېمىسى»
(ئاپتور: شۈي جۈن، «شىنجاڭ ئىقتىساد - تېخنىكا ئۇچۇر ئاخباراتى» 1988 - يىل 1 - سان 4 — 40 - بەتلەر)

ئاپتور شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئون چوڭ تېمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. 1. «قان بېرىش خاراكتېرلىك ئىگىلىك» قانداق شەكىللەنگەن؟ قانداق قىلغاندا مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ 2. يېقىندىن قۇرۇلغان بىر تۈركۈم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يوڭ توقۇمىچىلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، شېكەر زاۋۇتلىرى نېمە ئۈچۈن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. نېمە ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن پايدا ئالغان بولسىمۇ ئۆسۈمىنى تۆلەپ بولالمايدۇ؟ مۇشۇ تۈرلەرنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، دېگەن تەتقىقات نەتىجىسى ئەينى چاغدا قانداق تەستىقلانغان، بۇندىن كېيىن سىياسەت بەلگىلەشتە قايسى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا بۇ كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش يولىغا سالغىلى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟ 3. بانكا ئارقىلىق ئېچكى ئۆلكىلەرگە ئېقىپ كەتكەن مەبلەغنى قانداق قىلغاندا شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش مەبلىغىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ 4. يايلاق چارۋىچىلىقىدىكى يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش قانداق شەكىللەنگەن؟ قانداق قىلغاندا يايلاق چارۋىچىلىقىدىكى يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ 5. ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىك شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىدا قانداق ئورۇن تۇتىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ 6. ھازىرقى نېفىت سانائىتى نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنى مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈۋرۈك سانائەتكە ئايلىنالمايۋاتىدۇ؟ قانداق قىلغاندا نېفىت سانائىتىنى شىنجاڭنى مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان تۈۋرۈك سانائەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

7. ئىسلاھات ئارقىلىق شىنجاڭنى ياكى شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر جاينى ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولامدۇ - يوق؟ ئالاھىدە رايون قۇرۇشتا قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟ مەركەز ئاپتونوم رايونغا قارىتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى، ئىمكانى ئىچەۋېتىش. ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش جەھەتتە قانداق سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ بېرىشى كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئىسلاھات ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ 8. قانداق قىلغاندا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھازىر بار بولغان كارخانىلارنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ 9. قاتناش - ترانسپورت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان ئېغىر مەسىلە. شىنجاڭغا كېلىدىغان ۋاگون ئاز. شىنجاڭدىن چىقىدىغان ۋاگون كۆپ. قانداق قىلغاندا بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ 10. ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى، تېخنىك خادىملار يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشى تەكشى بولماسلىق مەسىلىسىنى قانداق قىلغاندا ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ (ئەسلىي ماقالە تەخمىنەن 2 مىڭ خەتلىك).

«دىڭلىڭ. ئېگىز قاڭقىللىقلار. جۇجان. چىژلى ۋە تۇرا (تېيلىلار) توغرىسىدا مۇھاكىمە» (ئاپتور: جۇڭ شىنچى. «چىڭخەي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىل 2 - سان، 54 — 61 - بەتلەر)

«ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دە «ئېگىز قاڭقىللىقلار چىژلىلار ياكى تۇرالار دەپ ئاتالغان» دېگەن بىر ئىنزاھات بار. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئالىملار يۇقىرىقى ئىنزاھاتقا ئاساسەن، ئېگىز قاڭقىللىقلار، چىژلىلار ۋە تۇرالارنى بىر مىللەت دەپ قارىغان. ھەتتا دىڭلىڭلار بىلەن ئېگىز قاڭقىللىقلارنىمۇ بىر - بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. ئاپتور يۇقىرىدا نامى ئاتالغان خەلقلەر ئۈستىدە بىر - بىرلەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندىن كېيىن مۇنداق قاراشقا كېلىدۇ: دىڭلىڭ ۋە چىژلى دېگەن ئىككى نام ئىككى مىللەتنىڭ نامى. چىژلى بىلەن ئېگىز قاڭقىللىقلار بىر خەلق ئەمەس. جۇجانلار بىلەن ئېگىز قاڭقىللىقلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا بېقىنغان كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئورتاق نامى: تۇرا (تېيلى) بولسا، تارىخنامىلاردا تۈركلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا خاتىرىلەنگەن قەۋملەر ئاساسىدا بىرلەشكەن ئورتاق گەۋدىنىڭ نامى. دىڭلىڭلاردىن تېيلىلارغىچە ئارىلىقتا بىر نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي جەريان ئۆتكەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرمىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆز ئارا ئومۇمىي جەريانىنى چۈشەنگىلى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلارنى ئىلمىي يوسۇندا ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ.

«كۆسەن مەدەنىيىتى ۋە ماگاخاندارا مەدەنىيىتى» (ئاپتور: جۇيىڭرۇڭ. «شىنجاڭ

داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىل 1 - سان 15 — 25 - بەتلەر)

كۇسەن مەدەنىيىتى بىلەن ماكاخاندارا مەدەنىيىتىنى بۇددا مۇنارى، كىمىر ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي جايلىشىشى، سەنئەت شەكلى، بۇتنىڭ ئوبرازى، مۇنەككەلەرنىڭ ئوبرازى قاتارلىق جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: كۇسەن مەدەنىيىتى ماكاخاندارا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما كۇسەن مەدەنىيىتى ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇنى ئۆز رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبىغا بىرلەشتۈرۈپ، بىر خىل يېڭى مەدەنىيەتنى، يەنى كۇسەن مەدەنىيىتىنى ياراتقان. شۇنچە كۆپ كۇسەن كىمىر ئۆيلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئىرانلىقلار، ماكاخاندارالىقلار، خەنزۇلار قازغان بولسىمۇ. ئەمما ئۇنىڭلىق بىلەن كۇسەن مەدەنىيىتىنى ماكاخاندارا مەدەنىيىتى ياكى خەنزۇ مەدەنىيىتى دەپ ھۆكۈم چىقىرىش روشەنكى ئىلمىي قاراش ئەمەس. (تەخمىنەن 13 مىڭ خەت تىلىك).

«دۇنخۇاڭ ئەدەبكە قايتقان قوشۇن مەزگىلىدىكى جۇڭيۇنلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە قىسقىچە بولاھىزە» (ئاپتور: گوخىڭ. «لەنجۇ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىل 1 - سان، 41—48 - بەتلەر).

ئاپتور دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۈچ پارچە ھۆججەتكە ئاساسەن مۇنۇلارنى ئىسپاتلىغان: جۇڭيۇنلەر جىڭۋېيلەر دەپمۇ ئاتالغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەردە بەزىدە سابىلار دېيىلگەن. بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى تۇبۇتلار ئىشغالىيىتى دەۋرىدە لوپنۇر رايونىدا قۇرۇلغان سابى ھەربىي - مەمۇرىي رايونى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جۇڭيۇنلەر مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، تاڭ سۇلالىسى گۇاڭچىننىڭ تۇنجى يىلىدىن 3 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، تۇبۇت ھاكىمىيىتى گۇمران بولغاندىن كېيىن سابىدا ئولتۇراقلىشىپ قېپقالغان تۇبۇتلار، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، مۇستەقىل كۈچ سۈپىتىدە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ بىر ھاكىمىيەتكە ئايلانغان. ئۇدۇنلۇقلار ئۇلارنى سۇمۇدالار، شىجۇلىقلار سۇمۇللار، شاجۇدىكى جاڭ جەمەتى جىڭۋېيلار دەپ ئاتىغان. ساۋ جەمەتى مەزگىلىدە جۇڭيۇنلەر دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى تەتقىق قىلغاندا سابى ھەربىي - مەمۇرىي رايونىدىكى تۇبۇتلارنى ئاساس قىلىش، ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىمۇ نەزەر-دىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. باشقا قوۋملار ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭيۇنلەرنىڭ پائالىيەتلىرى مىلادى 1010 - يىلىدىن ئىلگىرىكى مەزگىللەردە ئاياقلاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق ئۇيغۇرلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ جۇڭيۇنلەرنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت دەۋرىگە خاتىمە بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا،

ئاپتور يەنە ياپونىيىلىك ئالىمنىڭ جۇگۇيۇنلەر — جۇڭغۇيۈنلاردۇر دېگەن قارىشىدىن شۈبھىلىنىپ. جۇگۇيۇنلەر سابىلاردۇر، جۇڭغۇيۈنلار بولسا توققۇز تاتارلاردۇر، جۇگۇيۇنلەرنىڭ پائالىيەت مەركىزىنى لوپنۇردا، جۇڭغۇيۈنلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئۆرغۇنا دەرياسى ئەتراپىدا ئىدى، دەپ قارايدۇ. (تەخمىنەن 4 مىڭ خەتلىك).

«مىرەن (米兰) غەربىي رايونلۇقلارنىڭ ئەۋلادى» (ئاپتور: لىشاۋۋېن، «تارىخ تەتقىقاتى» 1988 - يىل 2 - سان، 92 — 95 - بەتلەر).

مىرەننىڭ ئىلگىرىكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەۋلاد ئاتا - بوۋىلىرىنى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ساتوتېگىن قوشۇنىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن غەربىي ئەمەلدارلار. ئۇلار مىلادى 847 — 883 - يىللاردا غەربىي رايوندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن. شۇڭا مىرەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي رايوندىكى ماغايانالىقلارنىڭ بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان. (تەخمىنەن 3 مىڭ 300 خەتلىك).

### 1988 - يىلى شىنجاڭدىن تېپىلغان تاش قورال دەۋرىگە ئائىت يېڭى ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار

شىنجاڭدا مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن، تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە بۇ يىل يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ئاساسەن بەزى مۇھىم خارابىلەرنىڭ تېپىلغانلىقىدا، نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ يىغىۋېلىنغانلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ. بۇ، شىنجاڭنىڭ تاش قورال دەۋرى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

3 - 4 - ئايلاردا، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئالدى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىدە باشلاندى. تۇرپاندىن تاش قورال دەۋرىگە ئائىت جەمئىي يەتتە يېڭى خارابە ئىزى تېپىلدى. توقسۇن ناھىيىسىدىن ئويمان چاڭراق؟ ([illegible]) تاش قورال خارابىسى، پىچان ناھىيىسىدىكى دىخار، قىزىلقۇم، ياغىچى ئاسقا دەلىسى، تاشقىنىبرىق، ئاقتېرەك ۋە ئەرسۇن كەنتى قاتارلىق ئالتە جايدىن تاش قورال خارابىسى بايقالدى.

«شىنجاڭ تېببىي پەنلەر تەتقىقاتى» (خىمىيە ژۇرنىلى) دىن
1989 - يىل 2 (ئومۇمىي 74) - سان. H

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى
1990 - 4 - سان.



# شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۆرسەتكەن تەسىرى

~ 6 ~

شيۇڭ يۈگخۇي

شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون. شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 610 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ مەمۇرىي رايون ھېسابلىنىدۇ. ھازىر شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 14 مىليون 60 مىڭ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 1.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، شىنجاڭدا بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 8.5 ئادەم توغرا كېلىدۇ. بۇ سان پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقىنىڭ 7.5% ىگە توغرى كېلىدۇ. بۇ نىسبەت چىڭخەي ۋە شىزاڭنىڭ ئوتتۇرىچە نوپۇس زىچلىقىدىن سەللا يۇقىرى. دەرۋەقە، مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، شىنجاڭ «يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز» رايونغا مەنسۇپ، ئەمما ئۇنىڭ تۆۋەندىكىچە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار.

بىرىنچى، شىنجاڭ ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكەت بويىچە نوپۇسى ئەڭ تېز ئاشقان رايون.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ئىنتايىن ئارقىدا، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىمۇ ناھايىتى ئاستا ئىدى. 1902 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 70 مىڭدىن 4 مىليون 330 مىڭغا يېتىپ، 47 يىل ئىچىدە ئاران 2 مىليون 260 مىڭ كىشى كۆپەيگەن، يەنى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 15.84% بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئېكىسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلىشى، كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە داۋالاش - سەھىيە شارائىتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ نوپۇسى مىسلىسىز

تېز سۈرئەتتە ئاشتى. 1949 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان 35 يىلدا شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 4 مىليون 330 مىڭدىن 13 مىليون 440 مىڭغا يېتىپ، 2.1 ھەسسە كۆپەيدى. دېمەك، ساپ قوشۇلغان نوپۇس 9 مىليون 100 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 32.9% دىن ئېشىپ باردى. بۇ سۈرئەت نوپۇسنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئېشىش سۈرئىتىدىن بىر ھەسسىدىن زىيادىراق تېز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سۈرئىتى (18.93%) دىنمۇ كۆپ تېز. دېمەك، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە نوپۇسى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئاشقان رايون ھېسابلىنىدۇ. ساپ كۆپەيگەن 9 مىليون 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدە سۈنئىي يول بىلەن كۆپەيگىنى 32.5% نى، تەبىئىي كۆپەيگىنى 67.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. 35 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىمۇ ناھايىتى تېز ئاشتى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1949 - يىلدىكى 4 مىليون 40 مىڭدىن 1984 - يىلى 8 مىليون 90 مىڭغا كۆپىيىپ، بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇقراق ئاشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئومۇمەن خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئەڭ تېز بولۇپ، 3.8 ھەسسە ئاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بولسا 87% كۆپەيدى. بولۇپمۇ موڭغۇل ۋە قازاق مىللەتلىرى نوپۇسىنىڭ

---

لوگىيىنىڭ كۆپ خىللاشتۇرۇلۇشى» نى تەرغىپ قىلغانلىقى ماھىيەتتە ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە قارشى تۇرغانلىقى؛ «سىياسىنىڭ كۆپ خىللاشتۇرۇلۇشى» نى تەرغىپ قىلغانلىقى ماھىيەتتە پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرغانلىقى؛ سىنىپتىن تاشقىرى تۇرىدىغان دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ھەمكارلىق، كىشىلىك ھوقۇقى قاتارلىق قىممەت قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلغانلىقى، ماھىيەتتە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇرغانلىقى؛ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان «بىرىكمە ئىگىلىك» نى تەرغىپ قىلغانلىقى، ماھىيەتتە، سىنىپىي كۈرەشكە ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا قارشى تۇرغانلىقى. يىغىپ ئېيتقاندا، دېموكراتىك سوتسىيالىزم بىلەن ئىلمىي سوتسىيالىزم بىر - بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل ئىدىيىۋى سىستېما.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 4 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم

تەرەققىياتىدىكى ئۇزۇندىن بۇيانقى تۇرغۇنلۇق، ھەتتا ئېغىر دەرىجىدىكى چېكىنىش تارىخىغا خاتىمە بەردى. 35 يىل ئىچىدە موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى 1.3 ھەسسە، قازاقلارنىڭ نوپۇسى 1.1 ھەسسە كۆپەيدى. ھازىر، ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 61.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار نوپۇسى ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 45.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ)، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 38.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى بەش ئاپتونوم رايون ئىچىدە شىزاڭدىنلا سەل يۇقىرى بولۇپ، 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 1939 - يىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا 0.8% نىلا ئىگىلىگەن بولسا، ھازىر 1.3% نى تەشكىل قىلىدىغان بولدى.

ئىككىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى مەملىكەت بويىچە ياش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشى بىلەن قارىمۇ قارشى ھالەتتە تۇرىدۇ.

مەملىكەت بويىچە نوپۇسنىڭ ياش قۇرۇلمىسى ياشلارنىڭ سانى كۆپىيىدىغان ھالەتتىن ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ سانى مۇقىم كۆپىيىدىغان ھالەتكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. 0 - 14 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەرنىڭ نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىمەكتە. ئالايلى، ئۆسمۈرلەر 1964 - يىلى ئومۇمىي نوپۇستا 40.7% نى تەشكىل قىلغان بولسا، 1982 - يىلى 33.6% نى، 1987 - يىلغا كەلگەندە 28.7% نى تەشكىل قىلدى. دېمەك، 23 يىل ئىچىدە ئۆسمۈرلەرنىڭ نىسبىتى 12% تۆۋەنلىدى. مۇناسىپ ياش - قۇرامدىكىلەرنىڭ تۈپ سانى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى. ئالايلى، 1964 - يىلى 20.2 ياشتا، 1982 - يىلى 22.9 ياشتا، 1987 - يىلى 24.2 ياشتا ئۆرلىدى. ۋەھالەنكى، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، نوپۇسنىڭ ياش قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە ياشاردى. 0 - 14 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىماقتا. ئالايلى، 1953 - يىلى 34.2% بولغان بولسا، 1982 - يىلى 39.56% كە كۆتۈرۈلگەن، ياش قۇرۇلمىسىدىكى تۈپ سان مۇناسىپ ھالدا ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. 1953 - يىلىدىكى 22.92 ياشتىن (بۇ مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ياشتىن 0.22 ياش زىيادە) 1982 - يىلدىكى 19.54 ياشقا تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ياشتىن 3.37 ياش كېمەيدى. بۇ ھال ھازىرقى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ 20 دىن تۆۋەن بولۇپ، كەلگۈسىدە نىكاھلانغۇچىلارنىڭ كۆپ بولىدىغان-

لىقىنى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ چوڭلۇقىنى، ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا چوقۇم سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، شىنجاڭدا نوپۇسنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى مەركەزلىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ زىچلىقى ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 8.5 ئادەم توغرا كېلىدۇ. بۇ سان پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر. دېمەك، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، «شىنجاڭدا يەر كۆپ، ئادەم ئاز». شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ زور ئىچكى قۇرۇقلۇق، قۇرغاق ئىقلىملىق رايون بولۇپ، قۇملۇق، چۆللۈك ۋە تاش قاتلاملىق يەر ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە لايىق كېلىدىغان سۇ مەنبەسى بار بوستانلىق پۈتۈن شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ ئاران ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، يەنى ئاران 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بوستانلىق بار. مانا مۇشۇ 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بوستانلىققا پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 90% تىن ئارتۇقراقى ئولتۇراقلاشقان. 1982 - يىلدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، شىنجاڭدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 262 دىن ئادەم توغرا كەلگەن؛ بۇ سان خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىدىكى ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقىدىنمۇ سەل يۇقىرى. بەزى بوستانلىقلاردا ئاھالىنىڭ زىچلىقى مەملىكەت بويىچە ئاھالىسى ئەڭ زىچ بولغان رايونلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. مەسىلەن، شىخەنزە شەھىرىدە ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 1195 ئادەم توغرا كېلىدۇ. بۇ سان بېيجىڭ ۋە تيەنجىن شەھەرلىرىدىكى ئاھالە زىچلىقىدىنمۇ يۇقىرى. شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتىدا، شىنجاڭ مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئويلاشماي، دائىرىسى چەكلىك ۋە سۇ بىلەن كۆكىرىدىغان بوستانلىقنىڭ سىغىمىنى ھېسابقا ئالماي زادى بولمايدۇ. نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە توپلىنىشى مۇقەررەر ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بوستانلىقنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ناچارلاشتۇرىدۇ ياكى بۇزىدۇ.

تۆتىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىن خېلى يىراق. گەرچە

شىنجاڭنىڭ نوپۇسىدا ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلارنىڭ نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن تۆۋەن، ھەتتا ئايرىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئاساسەنلا شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتى يۇقىرى دېگەن يەكۈننى چىقارغىلى بولمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى رايونلارنىڭكىدىن خېلى تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ مەلۇم پەرق ساقلانماقتا. 1982 - يىلىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ ستاتىستىكىلىق ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىن تۆۋەنلەر بىلەن ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلىلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئالتە ياشتىن يۇقىرى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 71.35 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر مىڭ ئادەم ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىن يۇقىرىلار 65. 70 كىشى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە نىسبەت بىلەن ئالاھىزەل ئوخشاش. بىراق، ھەر مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئاران 4.67 كىشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى (6.17 كىشى) دىن خېلى تۆۋەن. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ساھەلەردە ئىشلەيدىغان ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تېخىمۇ تۆۋەن. ئالايلى، ئىشتىكىلەر نوپۇسى ئىچىدە ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگىلەر 1% كىمۇ يەتمەيدۇ (ئاران 0.9.8%)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگىلەرمۇ ئاران 9.7% نى ئىگىلەيدۇ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىن تۆۋەنلەر، ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، 87%. 43 گە بارىدۇ. يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىچىدە بۇ نىسبەت 75 % نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تېخىمۇ تۆۋەن. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 0.42% نى، ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار 29%. 41 نى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95% تىن كۆپرەكى تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر ۋە ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلار دۇر. مانا بۇلار رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەيدىغان خېلى چوڭ ئامىلدۇر.

شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ نوپۇس مەسىلىسىنى، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنداق بولسا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ۋە ئۇ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

بىرىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن بەك تېز بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىكلىمەستىن، بارغانسېرى چوڭايماقتا. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8.65 ھەسسە ئاشتى. ئەمما، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تەرەققىياتى شىنجاڭنىڭكىدىن تېز بولدى، مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى 12.03 ھەسسە ئاشتى. شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى نىسبىتى 1.29% تىن 1% گە چۈشۈپ قالدى. لېكىن، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 166% كۆپەيدى، مەملىكەت نوپۇسى بولسا 70% كۆپەيدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تۆۋەن، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تېز بولغان ئەھۋالدا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى جەھەتتە، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يىلدىن يىلغا چوڭايماقتا. جەدۋەلگە قارايلى:

تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇمات «جۇڭگو ئىستاتىستىكا يىلنامىسى» بىلەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ 1986 - يىللىق توملىرىدىن ئېلىندى.

بىز كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىپ، تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تارىختىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| يىل | جاي | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | ئومۇمىي نوپۇس (10 مىڭ ئادەم) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | يۈەن/ئادەم | شىنجاڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى |
| 1955 | شىنجاڭ | 14.32 | 511.78 | 279.80 | 99.35 يۈەن |
| | مەملىكەت | 1109 | 61465 | 180.45 | |
| 1978 | شىنجاڭ | 59.77 | 1233.01 | 484.74 | 100.55 يۈەن |
| | مەملىكەت | 5634 | 96259 | 585.29 | |
| 1980 | شىنجاڭ | 70 | 1283.24 | 545.49 | 171.49 يۈەن |
| | مەملىكەت | 7077 | 98705 | 716.98 | |
| 1985 | شىنجاڭ | 123.96 | 1361.14 | 910.70 | 365.08 يۈەن |
| | مەملىكەت | 13336 | 104532 | 1275.78 | |

قىپقالغان تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۈندىن كۈنگە ئازايماقتا. يەر بايلىقى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق ماددىي شارائىت ھېسابلىنىدۇ، تېرىلغۇ يەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ دۆلەت ئىقتىسادى بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۈزلۈكسىز بوز يەر ئېچىلىپ، تېرىلغۇ يەر ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ئالايلى، 1984 - يىلى شىنجاڭنىڭ تېرىلغۇ يېرى 47 مىليون 290 مىڭ موغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 2.11 ھەسسە ئاشقان. لېكىن شۇ مەزگىلدە نوپۇس 49 - يىلدىكىدىن 3.10 ھەسسە ئېشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 4.19 مودىن 3.52 موغا چۈشۈپ قالغان (1965 - يىلى بولسا 6.56 مودىن توغرا كېلەتتى). دېمەك، كىشى بېشىغا 0.67 مودىن يەر ئازايغان. تېرىلغۇ يەر ئازايغانلىقتىن ھەمدە بەزى مەزگىللەردە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن. مەسىلەن، 1982 - يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 1964 - يىلدىكىدىن 58.29% ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن شۇ مەزگىلدە نوپۇس 79.9% كۆپەيگەن. نەتىجىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 705 جىڭدىن 615 جىڭغا تۆۋەنلىگەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى ئاستىلىغانلىقى، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئۆسكەنلىكى ۋە ئاشلىقنىڭ ئېشىشى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدىن زور ھەجىمدە ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىقنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتىمۇ بىر قەدەر تېز ئۆستى. ئالايلى، 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىقنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى 796.58 جىڭغا يېتىپ، دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېقىنلاشقان. بىراق، ئاشلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە خېلى مۇساپە بار.

ئۈچىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تېز كۆپىيىشى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئاساسلىق توسالغۇ بولماقتا. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى چوڭ چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، چارۋىچىلىق شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە، ئازادلىقتىن كېيىن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىگەن بول-

سىمۇ. لېكىن نۇرغۇنلىغان چارۋىچىلار ھازىرغىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. 1949 - يىلىدىن 1984 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چارۋىنىڭ سانى ئىككى ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى بۇرۇنقى 2.4 تۇياقتىن 2.25 تۇياققا چۈشۈپ قالغان. مۇشۇنداق بىر چوڭ چارۋىچىلىق رايوندا گۆش بىلەن تەمىنلەش ھازىرغىچە جىددىي بولماقتا. ئاپتونوم رايونىنىڭ 22 چارۋىچىلىق ناھىيىسىدىن ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، 1964 - يىلىدىن 1983 - يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە، چارۋا ئاران 12.5% كۆپەيگەن بولسا، نوپۇس 131.4% كۆپەيگەن. دېمەك، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى چارۋا مالنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىدىن 10.5 ھەسسە تېز بولغان. چارۋىچىلىق ناھىيىلىرىدە چارۋىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانى ئىلگىرىدىكى 10.7 دىن 5.2 گە چۈشۈپ قالغان. دېمەك، 48.5% تۆۋەنلىگەن. بۇ ھال چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئالايلى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدە 1986 - يىلى 1949 - يىلىدىكىگە قارىغاندا سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى 48 ھەسسە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى 6 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن شۇ مەزگىلدە نوپۇس 20 مىڭدىن بىراقلا 80 مىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرى كېلىدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى ئاز ئاشقان، ھەتتا بەزىلىرى تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇ ھال پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن. ناھىيىنىڭ يىللىق مالىيىسىدە چىقىم كىرىمدىن زىيادە بولۇپ، دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردىمىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇھىتنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان زىددىيەت ساقلانماقتا. بۇ ھەقتە بەزىلەر، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى ئىنتايىن مول، مۇھىتنىڭ نوپۇسنى سىغدۇرۇشى جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ، شىنجاڭنىڭ بىر قانچە يۈز مىليون ئادەمنى بېقىپ كېتىشىدە گەپ يوق، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش بىر تەرەپلىمە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى ئاجىز. بۇ خىل قاراشنىڭ خاتالىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، بۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر خىل بايلىق شارائىتلىرىنىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالى كونكرېت ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنمىغان. دەرۋەقە، شىنجاڭنىڭ كۆپ سانلىق تەبىئىي بايلىقى مول، لېكىن بۇ بايلىقى

كەمچىل، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرغاق رايون ھېسابلىنىدۇ. سۇ بولمىسا، بوستانلىق بولمايدۇ؛ سۇ بولمىسا، بوستانلىق دېھقانچىلىقى ۋە بوستانلىق ئىقتىسادىمۇ بولمايدۇ؛ سۇ بولمىسا، باشقا ئىقتىسادىي كەسىپلەرنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. سۇ شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرى، ھەم نوپۇسنىڭ سىغىمىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل؛ سۇ شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالدىنئالا ئويلاشمىسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى چىقارغان ئېلانىي ھۆكۈمدە: قۇرغاق ۋە قۇملۇق رايونلاردا ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا توغرا كېلىدىغان ئادەم ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 15 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ قەيت قىلىنغان. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، شىنجاڭنىڭ نوپۇسى چوقۇم 25 مىليوننىڭ ئاستىدا كونترول قىلىنىشى كېرەك. ئىككىنچى، كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى نەق ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك بىلەن ھەرگىز تەڭ قويغىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە، بايلىقلارنىڭ ئېچىلىپ پايدىلىنىلىشىغا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مۇھىتنىڭ نوپۇسنى سىغدۇرۇش ئىقتىدارىمۇ مۇناسىپ رەۋىشتە ئۆسۈپ بارىدۇ. بىراق، بۇمۇ چەكسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. بايلىقلارنىڭ ئېچىلىپ پايدىلىنىلىش دەرىجىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا، مۇھىتنىڭ نوپۇسنى سىغدۇرۇشىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ۋە كۆلىمى چوقۇم كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق كېلىشى ھەم مۇھىت بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. يەنى نوپۇسنىڭ كۆلىمى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ۋە مۇقىملىقنى بۇزماسلىقنى چەك قىلىشى، بايلىقتىن مەڭگۈ پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم دېگەن سۆز. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى بوستانلىق ئېكولوگىيىسىنىڭ ھازىرقى سىغىمىدىن كىچىك بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، مۇشۇنداق بىر رېئاللىققا دىققەت قىلىش كېرەككى، ھازىر شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا، نوپۇسنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى، مەلۇم سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەندە، بوستانلىق مۇھىتىنىڭ سىغىمىدىن ئېشىپ كەتتى: بوستانلىقلارغا زىچ جايلاشقان نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئىقتىسادىي پائالىيىتى مۇھىتنى ناچارلاشتۇردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا قۇملۇقلار كېڭىيىۋەردى، ئاز بولغاندا 30 — 40 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر

قۇملۇق كۆپەيدى. ئورمانلارنىڭ كۆلىمى 80 مىليون مو كېمەيدى. يايلاقلار بۇزۇلدى، تۇپراقنىڭ شورلىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللار ئىنتايىن ئېغىرلاشتى. بۇ ھال شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە خەۋپ يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ھەتتا شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراباشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز» شىنجاڭدا نوپۇس ئىقتىسادى يەنىلا ئىنتايىن جىددىي مەسىلە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قاتتىق چەكلىمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭدىمۇ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى چوقۇم كونترول قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش لازىم. 1985-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا مەركەزنىڭ (1984) 7-نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىگە قارىتا ئەقىلگە مۇۋاپىق سىياسەت تۈزۈش لازىم» دېگەن يوليورۇقنىڭ روھىغا ئاساسەن، «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لازىم ...... نوپۇسنىڭ پىلانسىزلىقىدىن ساقلىنىش لازىم» دېگەن قارار چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت سىياسىتىگە ئائىت تەكلىپ دوكلاتى سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى (1985) 13-نومۇرلۇق ھۆججەت سۈپىتىدە بۇ دوكلاتنى تەستىقلىدى. ھازىرقى ۋەزىيەت پارتىيە 13-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالدىنقى بىر نەچچە يىللىق خىزمەتلەر ئاساسىدا شىنجاڭنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى دۆلەت سىياسىتى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك تۈردە كونترول قىلغىلى، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى بىر-بىرىگە ماس تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىرجان مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: جۇمەخۇن

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

1990-يىلى 4-سان

苏北海、史式两教授为民族史研究联名提出

# 希望新疆改名“西域”

本报重庆讯　倡议编纂《中华民族史》的史式教授近日向学术界吐露了一个想法：他在对民族史的研究中，深感“新疆维吾尔自治区”的“新疆”名称不妥，不如改为“西域”。

史先生说，他曾把这个想法向新疆大学的苏北海教授提出，征求他的意见。苏教授回信答，他早有此意，只是没有公开提出。现在，两位教授联名将此作为一项动议吁请国家有关部门予以考虑。

“西域”之名，始见于《汉书·西域传》，距今已２０００余年。当时对玉门关以西地区，统称西域，即新疆地方，并无褒贬之含义。或曰，古字“域”、“国”相通，即或如此，“西国”亦无褒贬之含义。按两汉之通西域，目的在于联络西域，共同抵抗匈奴之侵略。故汉与西域能长期保持友好关系，进行经济、文化交流。汉代工农业生产技术，逐渐为西域所接受，西域之土产器物，也逐渐传入中原。两千年来，西域与中原经济、文化之交流长期保持，关系日趋亲密，难以分离，为中华民族的独立、自由、繁荣、富强作出了卓越的贡献。

新疆正式定名，不过是近２００年的事；新疆建省，不过是近１００年的事。１７５９年，清王朝经过多次努力，略定全境，于是“宣示中外”，改名新疆；１８８４年，击溃阿古柏叛乱势力，置新疆省，它本来就是中国一部分。不难推想，所谓“新疆”（新的疆土之意），只是对清王朝而言。至于本地各族人民世代居于其地，绝不会自称为新的疆土的。

国外有些人亦曾据“新疆”这一名称而大做文章。他们称，长城是中国自古以来的国界，新疆即在国界之外，所以称为“新”的“疆土”。这种说法当然别有用心。但是认真考虑，新疆名称确实不妥。如能改回“西域”原名，至少有两大好处：一曰把省区名称上推了两千年，消除了国外势力的借口。二曰恢复了历史的本来面目，让当地各族人民通过这一原名了解中华民族形成的历史，有利于巩固民族团结。

其实，就在清王朝把“西域”改为“新疆”之后，一些有识之士在诗文中仍然常常沿用西域原名。如清末思想家龚自珍就提出过《西域置行省议》，左宗棠为响应这一建议，曾作诗曰：“西域环兵不计年，当时立国重开边。”直到两年多以前，胡秋原先生自台湾飞来大陆，还在其诗作中称新疆为西域。

两教授认为，地名虽不宜轻易改动，但权衡利弊，确有改动的理由时，也应该不怕改动。例如镇南关于１９５３年改为睦南关，安东市于１９６５年改为丹东市。既然迪化市早已改为乌鲁木齐市，则新疆改名“西域”自是顺理成章之事。（俞　辛）

www.uyghurkitap.com

رمضان    ا ـ ۲ نجی سان هر نومر نیک بهاسی ۱ سر

۱ ـ ایکی هفته ده
۱ ـ قاتار نارقا
لادورغان
دینی ملی
علمی سیاسی
اجتماعی
اقتصادی
ادبی اخلاقی
تنقیدی
مجموعه دور



شرقی تورکستان استقلال جمعیتی نیک ناشر افکاری تورور

شعاری : دینده ، تیلده ، دلده ، فکرده ، ایشده ، برلک دور

تاریخ تاسیس سنه ۱۳۵۲ ـ رمضان ـ اداره جایی استقلال جمعیتی
باش محرری : صوفیزاده ـ

## مندرجه


١ - مرام و مقصديمز — صوفيزاده
٢ - جمعيت نيك نظام نامه سي — علمي هيئت
٣ - ولايت استقلال محكمه سي — صوفيزاده
٤ - شرقي تركستان دولت قورولوشي
٥ - يانكي تعينلر
٦ - قانون اساسي — علمي هيئت
٧ - شرقي تركستان انقلابي حركت تاريخي — صوفيزاده
٨ - توتكان خائنلر — مجاهد
٩ - استقلال يولنده — يوسف مظفر بيك
١٠ - كاشغر فتنه‌چيلريغه مراجعت — باتور
١١ - علمده قوت شرف و عزت — عبدالرحمن لقمان
١٢ - برغه تاش يوره كلي ايش چيلر كره‌ك — صوفيزاده
١٣ - تورك اوغلومز — محمود نديم بيك
١٤ - شرقي تركستانده بوكونكي حيات — كريم خان
١٥ - شرقي تركستان پول مسئله‌سي — صوفيزاده
١٦ - خيوانات دوشمندن النغان حكايه — كريم خان
١٧ - دور استقبال باشلاندي — طوغرول بيك
١٨ - التاي تاغلري — محمود نديم بيك
١٩ - غيرتلي باتور — صوفيزاده
٢٠ - عثمان علي بيك نيك توتيلمشي — يوسف خان
٢١ - وكيل عبداللطيف افنديني تشريفي
٢٢ - ملي مطبعه
٢٣ - ملي امانت غلاداني بانقه‌سي


بسم الله الرحمن الرحيم

# مرام و مقصد .

استقلال مجموعه‌سي — جمعيت‌نينك فكرلريني مسلك و مقصدلريني يورت داشلريمزنيك اوترالرنده تارقاتادورغان ترجماندور اوتكان كونلريمزدن — و استقباليمزدن آچي تاتلي معلومات بريب كيلغوسيني تاميني غه‌ملت افكارعامه‌سيني تيارلايدورغان آينه دور . ٥٨ يللبق اوزون بر دورايچنده توتقونلوقنلك تورلي اچق الملريني تارتقان يورتداشلريمز سانسز قربانلر بريش نتيجه‌سنده قولبغه كيرغزغان آزادلقنك و ديني‌ملي حاكميتني استحكامي و كينكايشي‌يولبده سياسي اجتماعي علمي ادبي رهبرلق ايتشدور .

مسلكيمز . افراط و تفريطدين اونكلق وسوللوقدن پاك‌اورتا اصلاحچيلقدورابدي‌قانوني الهي‌قرآن حكيم و سنت رسول‌كريم دائيره‌سنده حركت‌قيلورمز . مقصدمز - يورتداشلرمزغه خصوصاً - ودينداشلرمزغه عموماً ايكي‌جهان سعادتيغه ايرشدورغوچي وسيله‌لرني آچق حقيقتلر برلن بيان‌قليش‌ايله برابر ديني علمي ادبي تشويقات و ترغيباتدن عبارت قيم خدمتدور . داخلدن و خارجدن اقتدارلق ذوات‌كراملرنيك مقاله‌لري اوچون [ مسلكمز سغديرولوق شرطي‌برلن ] مجموعه‌مزنيك بتلري آچوقدور . كونكل‌خزينه‌لرنده ساقلانغان ملي‌تويغولريني الانكه‌لي دردلريني آچق‌سوزلاش زماني‌ضبالي‌لرمزغه منايمدي كيلدي — ديلده‌كي حسيالرني ميدانغه ايمدي چيقارماغان منورلر يه‌قاچان اظهار قلورلر .

| | |
|---|---|
| بزده فكر بزده نيت خدمت علميه‌دور | قصديمز بولمق وكل ايلمككه توره يا آقسقال |
| ملتيمز آشي‌ايله تاننده يوقدور كاريمز | فكريمزده بوكبي واقلقغه هيچ يوقدور مجال |

بردن غيرت و حركت ، تنكري تعالي‌دن توفيق و بركت ،

صوفيزاده .

www.uyghurkitap.com

# شرقی توركستان مركز استقلال جمعیتی نینك نظامنامه سی

## جمعیت نینك مقصد و مرامی

بوكونگه‌قدر یاشاپ كیلگان مخفی سیاسی م ی جمعیتلریمز - اویوشمه‌لریمز - یورتیمز نینك چونك قسملری ایركلق شرفیغه ایگه‌بولغنقی توغرالو ، ایندی صحنه‌ئه دولت حمایه‌سنده [ شرقی توركستان استقلال جمعیتی ] نامی‌برلن چقادور ، و اوشبو نظامنامه اعضالریمزغه رسماً دستورالعمل بولوب تانیلور .

ماده‌لر — ٢٤ — عدد دور .

١ ، یورتیمزده بولغان چونك اوز كاریشد نتیجه‌سنده تنكری‌تعالی‌نینك لطف و عنایتی‌ایله یورتیمز نینك چونك قسملری ایرك‌بولوب اسلام دولتی قوروش مسئله‌سی آلدیمزغه كیلدی .

٢ ، یورتداشلریمز اوزون یللردن تارتیب بیگانه‌لرنینك زورلونی آستنده قارانغیلقده ازیلیب كیلدی ، ایركنلقغه ایگه بولغانیمز نینك بوبوزی حاضرغچه یریمیانلق اوزون زمان ایچیده ولایتلریمز نینك بعضی‌قسم لریده اوزآراتالاش هركتی اوزباشیچه‌لق برلن عمراوزدی ، دولت و ملت‌نینك حال و استقبالی توزقونجلی توزمیشده قاله باشلادی . بونینك‌اوچون استقلال جمعیتی ، دولت قورولشی ایشلرینی آغربولغانلقینی كوز آلدیده توتوب حكومت یارلیقلریغه یاردمده بولادور ؛

٣ ، دولتنك دینی ملی سیاسی مدنی هم اقتصادی قورولشی یولنده خدمت قلیشلك هم دولت اسلامیه‌غه یاردمده بولوشنك استقلال جمعیتی اوزیغه اولوغ وظیفه دیب بلور .

٤ ، بیوك یورتیمزنینك استقلال یولنده قورولوشیغه زور اهمیت بیریب نشریات تشویقات ترغیبات تمرینات یوللری‌برلن استقلال دكرینی تارقاتیش ، و یورتدا اهل‌اسلام توقفاندیریمزنی اوشبو یولدغی امید لرینی برلاشدوروب شول استقلال بیراغی‌نینك آستیغه یغیب توپلاشنك آلدیده توتادور .

٥ ، دینی ملی سیاسی معارف واقتصادی مؤسسه‌لرده ایش قلیش‌اوچون استقلال جمعیتی ـ اوزینك ایش بیلادورغان اعضالرندین خدمتچیلر بیرشنی كوز آلدیده توتادور .

٦ § استقلال جمعیتی ، اوزینك مقصدلرینی وجودغه چیقازماق اوچون اعضالرینك قوتی برلن اوشبو ایشلرنی قلور .

آ ) دولت اسلامیه‌نینك استقلال یولیده قورولوشی اوچون خدمت قلور .

ب ) مركزده ولایتلرده دولت قورولوشی اوچون لازم بولادورغان ایش چیلرنی حكومتنك طلبی برلن تقدیم قلور .

ت ) معارف یوللرنده استقلال جمعیتی مكتبلر مدرسه‌لر خصوصی اوینلر آچیشده دولتغه یاردمده بولور .

ث ) نشریات ایشلرنده حكومت‌هم اعضالرنینك یاردمی برلن كتاب ، مجموعه ، گزیته ، چقازیش مطبعه‌لر تشكیل‌قلیشغه اوخشاش ملتنك بلسند لاندرش یولنده ایش قلور .

ج ) دولتنك اقتصادی قورولوشیغه استقلال جمعیتی چونك اهمیت بیریب تجارت صناعت مالیه نقلیات ایشلرنده تورلی لائحه‌لر توزوب‌هم تشكیلات ایشلرنده دولتغه یاردمده بولور .

## جمعیت نینك قورولوشی

٧ § استقلال جمعیتی دینی ملی برجمعیت بولوب نظامنامه‌سی دولت‌طرفندن تصدیق قلدیرلور .

٨ § جمعیت‌نینك تپه‌سنده اداره قلغوچی مركز دائره‌سی بولور .

۹ § مرکزاداره بر رئیس ، ایکی معاون ، باش کاتب ، خزینه‌چی ، همده اعضالردن جمعی ۹ ـ کشیلق هیئت بولور .

۱۰ § استقلال جمعیتی نیک مالیه ایشلرینی تفتیش قیلمق اوچون اوچ کشی دن قوشمه تفتیش هیئتی بولور .

۱۱ § مرکزاداره هم تیکشریش هیئتی اعضالرنیک عمومی مجلسنده سایلانیب تعین بولور .

۱۲ § جمعیت نیک عمومی مجلسلری هر آیده برقاتار ـ یاکه هیئت نیک توختامی برلن قیچقریلور .

## اعضالر حقنده

۱۳ § استقلال جمعیتی نیک توتقان یوللرینی قبول توتوب جمعیتغه اعضالقنی خاهله‌غان ، دین و ملت پرور یولداشلر علمای کرام ، فضلا ادبا تجار کبی یورت اعیانلری خصوصاً حربی و ملکی مأمورلر ، کاسب دهقان دردلی غایه‌لی ملت باله‌لری اعضالیقغه قبول بولورلر . شونینک برلن برابر جمعیت نیک توختاملرینی هر بر اعضا اوزی اوچون مجبوری دیب سانایدور .

۱۴ § جمعیتکه اعضا بولوشنیک خاهلاغان کشیلر عریضه بیریب جمعیت نیک اعضالردن ایکی کشینیک کفالتی برلن هیئت نیک قراری ایله اعضالیقغه



قبول قیلنورلر .

۱۵ § هر بر اعضا جمعیت نیک عمومی مجلسی نیک توختامی برلن تع قلنغان مقدارده اعضالق بدلی تولایدور .

۱۶ § هر بر اعضاکه هیئت طرفندن اعضالق وثیقه‌سی بیریلو

۱۷ § استقلال جمعیتی نیک توتقان یوللریغه ، قلغان ایشلریغه ضرر کلتو غان اعضالر ، هیئت نیک توختامی برلن هیده‌لیب جمعیتدن چقاریلب ناملری عمومی مجلسلرده اعلان قلنور .

## „جمعیت‌نینک سرمایه‌لری"

۱۸ § استقلال جمعیتی نیک مقصدلرینی وجودغه چقارماق اوچون ادا نیک خزینه‌سی بولور .

۱۹ § سرمایه اوشبو یوللر ایله یغیلور .

۱ ـ اعضالق بدلی .

۲ ـ حکومت هم تورلی تشکیلاتلر نیک اعانه‌لری .

۳ ـ خصوصی کشیلر نیک تجارتخانه‌لر نیک اعانه‌لری .

٤ ـ ینه تورلی یوللر . . . . . . . . . .

۲۰ § جمعیت نیک سرمایه‌لرینی مخصوص دفترلرغه یازیلوب حسا یوریتلوب عمومی مجلسلرغه هر اوچ آیده برقاتار حساب بریلیب ه

جمعیت نیک فکر تارقاتوجیسی بولغان استقلال مجموعه‌سیده درج قلنور .

## جمعیت نیک شعبه و اوچاقلری

٢١ § جمعیت ، اداره نیک مقصدلرینی تارقاتماق غه همده ولایت ناحیه ، کینت هم محله‌لرده ایش قلیشغه لازم بولغان یرلرده ، ولایت وناحیه شعبه‌لرینی آچادور ، و اوشبو شعبه‌لر مرکز اداره رهبرلقی برلن محلی اعضالرنیک طرفندن اداره قلنور .

٢٢ § کنت و محله ایچلرنده ایش قلیش اوچون ولایت هم ناحیه شعبه‌لری طرفندن ،، استقلال جمعیتی نیک ،، اوچاقلری آچیلور ، اوچاقلر ، کاتب هم شعبه‌لرده‌غی رهبرلر طرفندن اداره قلنور .

## جمعیت نیک حقوقلری

٢٣ § استقلال جمعیتی کامل حقوقلی برتشکیلات بولغانلقی توغرالو اوز نامی دن تورلی معامله قلیب ملك آلیشغه یاکه ساتشغه حقی بولور .

٢٤ § جمعیت نیک اوزینک نامی یازیلغان تامغوسی بولور .

٢٥ § احتیاجاتنك ایجابنه کوره نظامنامه نیک کینکایتش یاکه قسیقارتش هیئت ریاست نیک اختیارنده دور .

لوشبو ٢٥ § ماده‌لق نظامنامه ، شرقی ترکستان دولتی باش وکالتی



www.uyghurkitap.com

طرفندن کوریلب ٥٢ ـ یل ٩ ـ نجی شعبانده ـ تصدیق قلندی

باش وکیل : ثابت عبدالباقی

## رسمی بولوم

## کاشغر ولایت استقلال محکمه‌سی نیک قورولوشی

الته آیدن بیری ولایتده دوام ایتغان داخلی انتظامسزلقلردن یورتداشلریمز توبوب بیزیش آلدنده توراداور ایردی ، مرکزی حکومتمز بو مسئله نی نظر اعتبارغه الیب کاشغر ولایت استقلال محکمه شعبه‌ی قوروش حقنده ٢٦ نجی جمادی الثانی تاریخلی عالی یارلق ایله ٥٧ ـ ماده‌لق نظامنامه بیاردی شول مناسبت برلن ٨ نجی رجبده بولوب اوتغان قومندانلر نیک معاهده‌سینه بناءً قومندانلر مجلسی نیک ٢ نجی نومرلق توختامیغه موافق حکومت اورد سنده استقلال محکمه‌سی ٩ نجی رجبده آچلیب ثابت عبدالباقی حاجی رئیس جفاق قاضی معاون ، موسی داملا باش کاتب ، محمدرحیم آخوند ایله امین آخو لر اعضا بولوب تعین لانیب ایش یورغوزه باشلادیلر . احمد توفیق افندی محکمه‌غه رئیس بولوشنك خاهله‌غان ایسه‌ده قومندانلر قبول قلماغانلر توغرالو ـ اول زاتنی بولك مناسب خذمتغه قیوشنی موافق کوروله‌دی .

استقلال محکمه سی آچلیب ایشکه باشلادن کوندن اعتباراً مقصد و مرام لرینی بیان قلیب اعلان کاغذلرینی جای جایلرغه یاپوشتوروب حربی و ملکی انتظامسزلقلرنی توکاتیب دولت ایشلرینی اصلاح قلمش یولیده تیکشلی تدبیر و چاره لرنیک کوره باشلادی .

شول مناسبت برلن ملکی دائره لرده اوز کاریش یاسالدی .

تینق سوده بالیق اولاش ـ قینلقی غه دوچار بولوش ـ قورقونچیغه توشقان بعضی بوزوق اوزباشیچه قوماندانلر ، عهددن یانیب مرتد بولوش اوستیغه محکمه نیک ازاله سیغه آچق روشده کریشیب وحشیانه ندر لاماقغه توتندی .

جمله دن بریسی عذی قانصدلی خائنانه وحشیانه حرکتلری ایدی ، اول بوزوقباش قانصد بولسه دولت و ملت غه قلغان خیانتلری اوچون شرع شریف نیک عادل حکمی برلن لائق جزا ترتیب فساد و فتنه لریدن ملت قوتولوب شهر و صحرالرده آسایشته لق برلاشدی : عذی نیک قالغان قوتقان جنایتچی بولداشلرینی قولغه آلیب یورتده امنیت عمومیه نیک تول ه معناسی برلن یورغوزوش یولیده تعقیب دوام قلماقده .

جمعیت باش کاتبی : صوفیزاده .

---

# شرقی ترکستان دولت قورولوشی

هر تونک کوندوزی ، هر کوندوزنیک تونی بولور ، بونیمی بلمکلیدور



توتقونلوق نیک قاره قارغه لرینی ، بعضیسی قایتب جهاننی کورماسلقغه آبدی سفر قلدی ، بعض برلری خلقه لرینی آلشغه اولکورماسدن آلدیراشلق ایله باجین غه تامان یول سالدی ، شرقی ترکستانلقمو انسان اول ایمدی اوزینی کیم ایکانلقینی ، کیم بولوب قالغانلقینی توشوندی اوزینی زورلاش ایزیش یاغما تالان بولان آستنده ایزیلغانلقیی بوتون همه سز کیلری ایله آچق بیلدی .

بناءً علیه ، ملاسی بابی کاسبی دهقانی قولغه قول بیریب بریاقه دن باش چقازدیده [ یا ارکنلق یا اولوم ] شعارینی میدانغه آبدی . الله تبارك وتعالی نیك [ والذین جاهدوا فینا لنهدینهم سبلنا وان الله لمع المحسنین ] بزنیك رضا اقمزاوچون دین و ملت یولیده اجتهاد ایتب سعی و حرکت قلغوچی کشیلر نیك صراط مستقیم بولغان حقیقت یوللرمزغه البته هدایت قلورمز ، وتحقیق تنکری تعالی حضرتلری جهادکبی اولوغ یخشیلقلرنی ایشلاغوچی کشیلرایله البته برکه دور . ماآنده غی آیت کریمه سی نیك مژده سیغه قاراب قهرمان صاحبقران غازی خواجم نیازحاجم رئیس جمهور جنابلرینیك بایراغی آستیغه یغلب ایر کنلقغه ایکه بولدی .

باالقغه سو قانداغ کیراك بولسه ، اوشبو اولوغ ایر کنلق نعمتنیك قولده لایقنچه توتوب آنك استحکامی و کیکایشی اوچون برلاشغان متحد دولت قورولوشی اوشونچه ضرور ، والزم ایدی .

بناء علیه کوپ وقتندن بیری فکرمزنك مشغول قلغان بیوك همّ بیك آغیر اوشبو مهم مسئله‌نك مذاکره‌سی تامورداش عالی رهبرلریمزنیك اتفاقی برلن ۲٤ نجی رجب یکشنبه کون حربی قوموندانلرنیك [میثاق ملی] کیچه‌سنده بولوب اوتقان قوماندانلر مجلسی نیك ۱ ـ نجی توختاملریغه موافق شرقی ترکستان دولتینی قوروشغه اتفاق قلندی ، هیئت ریاست طرفندن دولت قورولوش بیان نامه‌سی توزولوب تیارلانیب امضالانیب تامغولنوب باسلدی.

آرته‌سی ساعت ۱۰ ـ ده حربی قوموندانلر ملکی مأمورلر ، یورت نماینده‌لری مملکت اعیانلری ، باشلق ، استقلال ، نشر معارف هلال احمر جمعیتلرنیك هیئتلری ، دارلمعلمین طلبه‌لرینك ملی مارشلرینی اوقوب ملتنك دردلی کونکلینی ایریتیب انتظام ایله تومن بویینغه کینکره ملت میدانیغه یغلدیلر.

نمایشقه ۷۰۰۰ منك عسکر ، ۱۳۰۰۰ منك خلق ، مجموعی ۲۰۰۰۰ دن آرتق کشی اشتراك ایتدی ، نمایشنیك هیئت ریاستی طرفندن شرقی ترکستان دولت قورولوشی نیك اوشبو بیان نامه‌سی اوقولدی.

## شرقی ترکستان دولت قورولوشی نیك بیاننامه‌سی

۱۳۵۲ نجی یل ۲٤ نجی رجب.

الله تعالی نیك یاردم و مهربانلقیغه ، و رئیس معظممیز خواجم نیاز



حاجم ابن امین نیاز حاجم حضرتلرینیك لیاقتلق صلاحیتلق وکیللرینیك اتفاقلریغه و بوتون لشکر اسلام عسکر باشلقلری قوموندانلرنیك ، و بارچه فقرالرنیك موافقت برلکلریغه سویانیب مستقل شرقی ترکستانمیزنیك برنجی حکومت موقته‌سی توبنده بیان قلنغان طریقه‌ده قورولدی.

باش وکیل : ثابت عبدالباقی .

داخلیه ناظری : سعیدزاده یونس بیك .

خارجیه ناظری : قاسم جان حاجی .

معارف ناظری : عبدالکریم خان مخدوم .

حربیه ناظری : امیرعسکر اوروزبیك .

اوقاف ناظری : شمس الدین توردی حاجی .

عدلیه ناظری : ظریف قاری حاجی .

زراعت تجارت ناظری : ابوالحسن حاجی .

مالیه ناظری : علی آخوند بای .

وکیللر هیئتلریغه مأمور : حاجی اعلم آخون .

حفظ صحت ناظری : عبدالله خانی

## دولت قورولوشیدن مقصد

حکومت نیك اینك برنجی وظیفه‌سی :

www.uyghurkitap.com

مملکتمزده یورتلریمزده شهر و صحرالرده کوب آیلردن بیری دوام قلغان حکومت سزلقنی ، اوزباشیچه لقلرنی درحال یوق ایتب تنجلق و آسایشته لقنی جاری قلشندور ، عسکری حربی ، ملکی وظیفه لر ـ خالص هم لایق کشیلرنیك قوللریغه تاپشورولدی .

همه یورتداشلریمزنیك سیاسی دینی ملی و مدنی حقوقلری حکومت نیك ضامنلق کفیل لقی آستنده دور .

چیکره داش قوشنی همسایه دولتلرنیك رسمی مأمور منصبدارلری و فقرالری بوتون بر امنیت ایچنده هر برلری مشروع وظیفه سینی دوام قلدورماقی ممکندور ، ایلکاریدن همسایه دولتلرنیك هیچ بریگه قارشیلق دوشمانلق یول توتوش خیالینی اویلاماغان شرقی ترکستان خلقی نیك پاك طبیعت وجدانلریغه ترجمان بولوشده دوام قلورمز اعنی ، ایلکاریدن تارتیب همسایه دولتلرنیك حقنده کی محبت و دوستلوقلریمزنیك انشاالله وجودغه چیقارادورمز .

بوتون اولوغ ترکستان اوچون آی یولدوزلوق کوك بایراق قبول قلندی .

هر بر یورتداش نیك مال ، جان ، و آبروسی نیك امنیت آستنده بولغانلقیغه تنج و خاطرجمع بولوب اوزایشی برلن مشغول و دولتکه اعتماد ایتیشینی طلب قلورمز . توفیق الله تعالی دن .

باش وکیل : ثابت عبدالباقی .



بیان نامه اوقولغاچ نوبت ایله تبریك لر سوزلندی ، خوشلقغه قرق بیر عدد توپ آتیلدی ، توپ آتلغان همان شرقی ترکستانینك تاریخی ملی کوك بایراغی کوتاریلدی ، آی یولدوزلق ملی کوك بایراق یلپیلداب اویناغانده غی شان و شوکتلق حاکمیت دورلرینی یادلاتب توزدی دارالمعلمین طلبه لرینك

بایرافیمز کوك بایراق . اوردومیز آلتون اوردو

ترکستان ترکنینك یوردو . ترکنینك اولاجاق .

دیب دردلی کونکللریده غی غایه لرینی یوکساك آواز ایله صاف تورك تیلی ایله سوزلب توروریلر ایدی .

بول کونده غی یغیلغان خلقنیك روحی بیس بوتون باشقه بر توسده ایدی . خوشلقدن کولوب تورغان چهره لر ، اوزنیك توختاتیه بلماسدن یغلاب تورغان شاد کوزلر ، یا الله بول سعادتغه یتوشاجاق شونداق کونلاریمز مو بار ایکان ـ خدای تعالی غه تمن تمن شکر دیب ماضی نیك قاره توتقونلوق دوریغه لعنت یباریب تورغان درد کشیلرنی کورولور ایردی ، خوشلقغه سیر خوش بولوب حیرت کوزی برلن نمایشغه بوتون بارلقی ایله بریلب قاراب قالغان یورتداشلرغه آز تصادف ایتلماس ایردی ، ملی موسیقه لر چالینب تورغان ، شادیانه توپلر کومبرلاب آتیلب صدالری اطرافغه کیتب تورادور ، تارقاتلغان بیاننامه نسخه لرینی گروه گروه بولوب خلق اوقوب بیر بیریگه

توشوندوروب توراردور . خلق نینك آمین آمین آوازلری كوك
كنبذغه اورلادی .

نمایش ، تومن بویدن شهر ایچیغه قاراب یوردی ، عیدگاه میدانیغه
كلیب توختاب خشتین سرای اوگزه سنده پیش تاقدن ناطقلر ترتیب ایله
نطق سوزلدیلر ، ناطقلر ، باش وكیل ثابت عبدالباقی ، قاضی عسكر
محمد جان آخوند هلال احمر جمعیتی نینك كاتبی موسی افندی غایب نظری
وباشقه ذواتلردن عبارت ایدی ، ناطقلرنینك نطقلری ـ دولت قورولوشیغه
عائد افاده‌لر ایدی .

# مركز قوماندانی

مركز قوماندان نینك قیله دورغان ایشلری .

## مرگز قوماندانی , ملتنینك محافظتی اوچون تورغان عسکرباشلیقیدور.

وظیفه‌لر .

١ ـ یورتنیك عموم راحت و تنجلقیغه ایكه‌دور.

٢ ـ پولیس . وژاندارمه‌لر ـ یوق یرلرده اویرنیك راحت وتنجلقی مركز
قوماندانغه تابعدور .

www.uyghurkitap.com



٣ ـ همه عسكر باشلقلری وباشقه خلقلرهم حكومت نینك قانونیغه قارشی
یورالمایدور .

٤ ـ حكومتنینك تعیین قلغانی قانونیغه قارشیلق قلغانلرغه نهایت قاتیغ جزا بیریلور

٥ ـ مركز قوماندانی ، قانونغه موافق ایش قلسه اهالی نینك اطاعت قیلماقی لازم
و ضروردور ، اگر مركز قوماندانی قانوننینك خلافنده ایش قیلسه خلق اولرنی
مركز ، وباشقه نظارتلرغه عرض ایتب احوال ایتادور .

٦ ـ مركز قوماندانلغی بوتون فقرالرنینك راحت و تنجلقیغه ایكه‌دور

٧ ـ فقرالرغه عسكرلر طرفدن آزار ، كلفت و ظلم قلغانلر بولسه مركز
قوماندانی باریرغه الیب باریب تحقیق قلنور ، آندن كین شونداغ عسكرلرغه
شریعت قانونی برلن نهایتی قاتیغ جزا بیریلور .

٨ ـ شریعت حكمیغه اوزماغانلرغه آغیر جزا بیریلور .

٩ ـ كیچه سی ساعت اوچدن كین كوچه و بازارلرده بیكار یورغان عسكرلر
توتولسه مركز قوماندانی واوز عسكرباشلقلری طرفندن قاتیغ جزا بیریلور .

١٠ ـ عسكرلر اوز كاته‌لریغه اطاعت قلغاندیك باشقه عسكر باشلقلریغه هم
اطاعت و حرمت قلور .

١١ ـ عسكرلر كاته‌لریدن اجازتسز كوچه و بازارلرغه چیقالمایدور ، اگرده

اجازتسز چیقه‌لر توتولوب کاته‌لری طرفندن جزا بیریلور .

١٢ ـ بیکارغه‌اوق آتقان عسکرلرغه عسکری قانون برلن چینک جزابیریلور .

١٣ ـ نوبتچی‌لر کیچه و کوندوز توخته‌دیکان زمان قانداغ آدم بولسه بولسون توخته‌ماقغه مجبوردور ، اوچونجی مرتبه توخته دیکان زمان توخته‌ماقی ضرور دور اگر ـ توخته‌ماسه نوبتچی آتادور . کین نوبتچی مسئول بولمایدور .

شرقی ترکستان دولتی‌نیک باشوکیلی : ثابت عبدالباقی .

# "ینکی تعینلر"

## بیوروق سان ١ §

٥٢ نجی یل

٢٧ ـ رجب

شرقی ترکستان حربیه ناظری‌نیک فرمان عالیسی برلن .

بوکوندن باشلاب حکومت موقته‌نیک قوروولوشی مناسبتی برلن وزیرلر قراریغه بناءً مین اورازبک اوز وظیفه‌م حربیه ناظرلکیغه اولتوروب اوشبو تاریخدن اعتباراً ایش باشلادم ، بوکوندن تارتیب بارچه قومندانلر ، عسکر باشلقلری ، منک باشیلر مینیم اختیاریمده بولیب هیربر فرمانلریمنی



قلسکه آشیریب امریمغه اطاعت قلشغه مجبوردورلر .

## بیوروق سان ٢ §

باش وکالت‌نیک ١٥ نجی رقملق فرمانیغه بناءً سلطان بک بختیار زاده‌نی اوزومغه معاون تعین قلدیم اوشبو کوندن اعتباراً اوز بیک وظیفه سینی اجرا قلماق اوچون اجتهاد قلور .

عسکری لوازمات وظیفه‌لرینی عسکری احتیاجلرنی تیارلر ، همه عسکرلرنی هم یاراغلرنی حسابینی آلور ، و شونکیه اوخشاش حربیه ایشیکه عائد ایشلرنی بجا کلتوروشی مجبوریدور .

حربیه ناظری : اورازبیک

## یارلیق ـ سان ١ ـ ٢٦ ـ نجی رجب

٢٤ نجی رجب تاریخلی ملی میثاق نتیجه‌سنده بولوب اوتغان قومندانلر مجلسی‌نیک ٢ نجی سانلق توختامیغه موافق مین غایب قانصد اوغلی یوسف‌جان مرکز قومندانلق خذمتینی قبول قیلب تیکشلی وظیفه‌لریم برلن مشغول بولوش

غه کیرشدیم ، بناءً حاکم خان تورہ اوغلی سید قدرت الله خانني اوزومغه برنجی معاون تعین قلدیم اوشبو کوندین باشلاب تیکشلی وظیفه‌لرینی یورغوزوشغه اجتهاد قلسونلر .                     مرکز قوماندانی : یوسف جان .

داخلیه نظارتی طرفیدن مرکزی ـ پولیس ـ یاساول ـ بولوب منکباشی قوماندان ـ کچیك بیك تعین بولوب ، تیکشلی وظیفه‌لرینی یورغوزه باشلادی.

مرکزی یاساول ، باشلقیغه معاون بولوب نظام الدین یوزباشی تعین بولدی .

ناظرلر هیئتی نینك ٥ ـ سانلق توختامیغه بناءً ـ شرقی ترکستان تجارت و زراعت نظارتیغه برنجی معاون بولوب ساطع بیك داودی افندی تعین قلندي ـ مذکور افندی تیکشلی وظیفه‌لرینی یورغوزوشده غیرت قلمقده .

شرقی ترکستان داخلیه ناظریغه معاون بولوب عبدالله داملا تعین ایتلدی ـ ایکنچی معاون هم ایشلر مدیری عبدالرحمن افندی تعینلاندی .

باش کاتب بولوب استاذ محترم ملا موسی اعلم تعینلاندی .

شرقی ترکستان اوقاف نظارتیغه معاون ناظر بولوب صوفیزاده تعینلاندی .

شرقی ترکستان مالیه نظارتیغه معاون ناظر بولوب مخدوم زاده ملا محمد حاجی افندی تعینلاندی .



# اجتماعیات

## قانون اساسی

سنه ١٣٥٢ ـ یل ١٦ ـ نجی شعبان

شرقی ترکستان جمهوریتی غه باغیشلاب

استقلال جمعیتی نینك علمی هیئتی طرفیدن ایشلانیب تقدیم قلنغان

## قانون اساسی

بسم الله الرحمن الرحیم

وعدالله الذین امنوا منکم وعملوا الصالحات لیستخلفنهم فی الأرض کما استخلف الذین من قبلهم ولیمکنن لهم دینهم الذی ارتضی لهم ولیبدلنهم من بعد خوفهم امنا .. یعبدوننی لایشرکون بی شیأ . ومن کفر بعد ذالك فاولئك هم الفاسقون .                     قرآن حکیم .

## مقدمه

یورتداشلریمزنیك عمومی انتباهلری برکه‌سندن شرقی ترکستانده بیوك ملی انقلاب وجودغه چیقدی ، بول انقلابنیك نتیجه‌سنده جناب رب العالمین مهربان حضرة حق سبحانه و تعالی نیك لطف و عنایت ربانیه‌سی ایله و اولوغ داهمیز ؛ آزادلق کوره‌ش میدانینیك قهرمانی رئیس جمهور خواجم نیاز حاجم حضرتلرینك یولباشچیلق ایله و یورتداش باتور مجاهدلریمزنیك همت ، غیرت ، حمیت دینیه ملیه‌سی ایله هم اوزون یللردن بری قاره استبداد وحشتلربدن تورلی دردالملریغه چدیه آلماغان یرلی مظلوملرنیك کوکفه اورلاغان آه زارلرنی ناله وفغانلریله جناب حقنك درکاه کبریاسیغه تمن تمن حمد و شکرلر بولغایکه ، شرقی ترکستان جمهوریت اسلامیه‌سی ـ ظهور قلیب ٥٧ ـ یلدن بری امید قلیب خدایمزدن سوراب یورغان دینی ملی اسلام حکمتی قورولدی .

اوشبو اولوغ هم بیوك نعمت الهیه‌نیك قورولوشی مناسبتی برلن نظام نامه توزولوب جمهوریت ایشلرینك اوشبو نظام نامه قاعده‌لریغه موافق اجرا قلنشی لازم تاپیلب شول توغریدن مرکز استقلال جمعیتی نیك علمی هیئتی طرفیدن اوشبو نظامنامه توزولوب تقدیم قلندی .



## نظام نامه نیك قاعده لری

§ - ١

شرقی ترکستان جمهوریتی شریعت اسلامیه‌نیك اساسیغه قورولوب باعث بخت و سعادتیمز بولغان ، و قیامت کونیغچه تبدیل و تحریف تاپمایدورغان قانون الهی بولغوچی قرآن حکیم نینگ حکمی ایله عمل قلنور .

§ - ٢

شرقی ترکستان دولتی جمهوریت اوصولی برلن قورولوب خلق نیك راحتده بولماقی ، و دولت نیك برقرار بولوب باشقه‌لرنیك مزاحمتی و منازعتندن ساقلانیش ، و ملت نیك دینی ملی مدنی اقتصادی ایشلرنیك یولغه قویولوشی ، و شونکه اوخشاش ملت نیك طلبلرینی اوتاماق ایچون تشکیل حکومتی ، و ملتلر اتفاقی جمعیت اقوامغه مراجعت قلیب استقلالنی قولده توتماق اوچون قولدن کیلغان قطعی چاره‌لرنی کورادور .

§ - ٣ مرکز قورولوشی

دولت اداره‌سینیك مرکزنده [امیرالمؤمنین] رئیس جمهور حضرتلری اولتوروب حکومتنی شریعت اسلامیه نیك احکامیغه موافق اداره قیلور .

§ - ٤

دولت ، خلقچلق عامه‌چلق ، مشورت و مصلحت اساسی ایله قورولوب ملت نیك احتیاجاتلرینی تأمین قلمق و ملت نیك عرض دادلرینی انکلاماق ملت نیك و کیللری برلن بولور .

§ - ٥

## ناظرلرنىنك قورولوشى

دولت نىنك اداره قلمق اوچون مركزده آمير المؤمنين حضرتلرينك رياستى آستنده، ناظرلر هيئتى تشكيل ايتلب، اوشبو هيئت نىنك تيپه سنده صدر اعظم مقامنده باش وكيل تعين بولور. باش وكيل نىنك يانىنده ايكى نفر معاونى بولور.

ناظرلر ١ - دينيه عدليه ٢ - حربيه ٣ - ماليه ٤ - خارجيه ٥ - داخليه ٦ - تجارت و زراعت ٧ - معارف ٨ - اوقاف ٩ - صحيه، همه سى بولوب ٩ - نظارتدن عبارتدور.

٩ - نظارت ايكى غه بولونوب آيريلور.

### ١ - نچى بولومى، ملكى ادارى بولوب

١ - حربيه ٢ - خارجيه ٣ - داخليه ٤ - عدليه ٥ - وقف نظارتلرندن عبارتدور كه اوشبو بولومنك اوستنده باش وكيل نىنك برنچى معاونى تورادر



### ٢ - نچى بولومى مدنى اجتماعى بولوب

١ - ماليه ٢ - تجارت زراعت ٣ - معارف ٤ - صحيه نظارتلرى كيريب بو بولومنك اوستنده باش وكيل نىنك ايكنچى معاونى تورايدور.

§ - ٦ رئيس جمهورنىنك وظيفه لرى

ب - شرقى تركستان جمهوريت اسلاميه سى نىنك رئيس جمهورى دين، ملت، وطن نىنك آسايشيغه، تنجلقى هم ترقى و تعاليسى اوچون رهبرلق قلغوچى، حكومتنك بيوك آتاسى عالى اميرى، هم باش قومندانيدور.

ي - رئيس جمهور حضرتلرى، ملت مجلسى طرفندن دورت سنه لق سايلانادور، لكن بو كونده كى رئيس جمهوريمز، دين اسلام نىنك، وطن و ملت نىنك آزادلقى يولىده قهرمانلق ايله كوره شيب استقلالنى آلغان جناب خواجه نياز حاجم حضرتلرى بتون حياتنده، شرقى تركستان، جمهوريتى نىنك عمرليك دائمى رئيس جمهورى بولمشى نىنك جميع ملت هم عسكر ناميندن قطعى قبول قلنادور.

ت، دولت نىنك تمام ايشلرينى اداره قلمق اوچون رئيس جمهور حضرتلرى، صدر اعظم باش وكيل تعين قليب ناظرلر هيئتى نىنك تصديق قلادور.

# ایضاح

ملت مجلسی یغلمغان زمانده باش وکیل و ناظرلرغه رئیس جمهور طرفندن ملت مجلسی نینك تصدیقیغه تقدیم قلادور.

ت، رئیس جمهور، ناظرلر هیئتی نینك توختاملرینی تصدیق قلادور، هم تصدیق قلنماغان حالده ـ ینه باشقه یانکیدین اول توختامنی کوروب چقشقه ناظرلر هیئتی غه تکلیف قلادور.

رئیس جمهور ایله باش وکیل هم ناظرلر هیئتی اوتراسنده نزاع چقسه، باش وکیل استعفا قلور، هم رئیس جمهور یانکی باش وکیل تعین قلیب یانکی ناظرلر هیئتی تشکیل قلنادور.

ج، رئیس جمهور، خارجیه ناظرنینك حضورنده شرقی ترکستان غه، تعین قلنغان خارجی دولتلرنینك ایلچی، وکیل هیئتلرنی رسمی قبول وقتنده قبول قیلادور.

ح، رئیس جمهور، تمام عسکرلرنینك عالی باش قوماندانی بولغانلیقی اوچون، باش وکیل هم حربیه ناظرنینك واسطه‌سی برلن شرقی ترکستان اوردوسینی اداره قلادور.

خ، شرقی ترکستان حکومت اسلامیه‌سی مصلحت و مشورت اساسیغه قورولغانلیقی اوچون، رئیس جمهور حضرتلری، باش وکیل ـ و ناظرلر هیئتی



نینك اتفاقلری حاصل بولغان توختاملرده اکثریت نینك صواب راینی تأکید و تصدیق قلور.

§ ـ ٧

## باش وکیل نینك وظیفه‌لری

باش وکیل، بتون ناظرلرنینك باشلقیدور.

شونینك اوچون هر بر نظارتنك ایشلری برلن مشغول بولوش حقیغه ایگه‌دور باش وکیلغه، وکیللر هیئتی نینك رئیسی هم دیلور.

باش وکیل هفته‌ده بر کون، وفوق العاده احواللرده، هم تیز ضرور وقتلرده ناظرلرنی ییغلیشغه قچقرور.

بو ییغلیشلرغه هیئت نظار، یاکه ناظرلر هیئتی دیلور.

حکومتنك بتون ایشلرنینك اساسی بوللرینی شول ییغینلرده مصلحت قلینور توختاملر قلنیور، بو توختاملرغه وکیللر هیئتی نینك توختامی دیب نام قویلور. بو توختاملرنینك ملی مجلسلرغه سائینب کوپچیلقنك رأیلری نی موافقتینك تاپیلسه اولوقتده ناظرلر هیئتی نینك توختاملری قانون بولور.

ملی مجلس موجود بولماسه توختاملرنینك پادشاهغه کورغازیلور.

پادشاه ـ یاکه حکمدار، ناظرلر هیئتی نینك توختاملرینی موافق کورسه ینه قانون بولور و کیللر، یاکه ناظرلر هیئتی نینك توختاملریغه نظامنامه هم دیلور.

§ - ٨

# ملکی اداری بولوم.

## دینیه عدلیه نظارتی نیک وظیفه لری

دولت ، شریعت اسلامیه نیک عالی اساسلریغه قورولغان جهتدن دینیه عدلیه نظارتی تشکیل قلنور .

عدلیه ناظری شیخ الاسلام مقامنده بولور .

عدلیه نیک یاسیده دینیه بولومی بولوب بول بولومغه [ باب المفتوی ] نام بیریلیب بونده مفتی تورادور .

عدلیه نظارتی متکامل مملکتلرده محکمه لرایله حکومت آراسنده بر رابطه دور ، چونکه متکامل مملکتلرده حاکملر معزول بولمیدور ، باش مدعی عمومی نیک [ یعنی عدلیه ناظری شیخ الاسلام ] هم محکمهٔ عالیه نیک [ قاضی القضاة - قاضیلر نیک باشلیق ] معقول کوروشی برلن محکمه لر نیک رئیسلری تعین قلنور ، محکمهٔ شرعیه لر نیک حاکملر نیک یعنی قاضیلر نیک عدلیه نظارتی اوزی تعین قلور . عدلیه نظارتی اوزینک مفتشلرینی واسطه سی برلن ایشلر نیک عدالت بولنده یوروب توروشینی تأمین ایتیشی لازمدور .

عدلیه نظارتی مملکتنک قانونلرینی احکام شرعیه غه تطبیق قلیش اوچون نظارت ایتشغه مکلفدور .



صحی و مدنی شرائطلرغه اویغه بولغوچی هم محبوسلر نیک اخلاقلرینی توزاتیشغه خدمت قله دورغان حبس خانه لرنی تأسیس قلیش - عدلیه نظارتی نیک وظیفه لریدندور .

§ - ٩

## حربیه نظارتی نیک وظیفه لری.

- حربیه نظارتی نیک برنجی وظیفه سی مملکت نیک خارجی دوشمانلردن مدافعه قلشغه یرایدورغان اوردونی وجودغه کلتوروشدور .

بونیک اوچون اینک اول حربیه مکتبی تأسیس قلور ، حربیه مکتبی بلند تحصیل کورغان و خارجدن کلتورولغان متخصصلر نیک واسطه سی ایله آچیلور اوردو اوچون لازم بوله دورغان لوازمات حربیه کارخانه لرینی قورادور . اجنبی دولتلر نیک عسکری حاضرلقلرینی و نیتلرینی انکلاماق اوچون عسکری ملحقلر تعین قلور ،

شرقی ترکستان اوچون حاضرغی اینک مهم وظیفه خارجدن بر هیئت اصلاحیهٔ عسکریه کلتورمکدور ، بو هیئت اصلاحیه پیاده سواری طوپچی آغیر ماشینه لیق طیاره چی ، تانقه چی ماشینه معلملری کبی متخصصلردن عبارتدور ، بولردن بولک علاحده کیمیاوی بوسائط تعرض و مدافعه متخصصلری و اشیالرینی کلتوروشدور ، موجود قلشدور .

www.uyghurkitap.com

§ - ۱۰

## خارجیه نظارتی نینک وظیفه‌لری.

خارجیه نظارتی ، اجنبی دولتلرغه وکیللر تعین قلور ، اوشبو وکیللرغه اجنبی دولتلرنینک چونکلقیغه یاکه سیاسی اهمیتیغه قاراب بیوک ایلچی یاکه اورتا ایلچی دیب نام قویولور ، ایلچیلر طرفندن بولك پایتختلرنینک خارجندەغی مهم شهرلرغه کونسولوسلر تعین قلنور. هر بر اجنبی دولتدەغی قونسولوسلر اول یردەغی ایلچیدن تعلیمات آلورلر ، ایلچیلر ایسه خارجیه ناظریدن امر و تعلیمات آلیب تورادور ، قونسولوسلرنینک اینك بیوك وظیفەسی خارجده بولغان تبعه‌مزنینک حقوقی‌نینک ساقلاموی و یول خطلرینی تنظیم قلمقدور. خارجیه نظارتی‌نینک ینه بر مهم وظیفەسی ، اجنبی دولتلر برلن باغلانادورغان سیاسی ، یاکه سودا ، تجارت معاهده‌لرنینک تیارلامقدور- وشونینک کبی مسئله‌لر اوستنده اجنبی دولتلر ایله مذاکره‌لرنی قلشدور.

خارجده ، تبعه‌مزنینک حقوقیغه تکلیب دخل و تعرض بولسه درحال تجاوز قلغان طرفنك حکومتیغه ناراضیلق بیان قلمق و باشقه‌لر.

خارجیه نظارتی‌نینک مملکت داخلنده‌غی ایشلرده هیچ ایشی یوقدور. یالغوز افغانستانده پاسپورت یول خط ایشلری برلن مو مشغول بولور. باشقه مملکتلرده ، مملکتدن خارجغه سیاحت قلغوچی یورتداشلرنینک



یول‌خطلرینی یاساول [ پولیس ] دائره‌لری تنظیم ، و شهر والیسی طرفندن تصدیق قلینور.

§ - ۱۱

## داخلیه نظارتی‌نینک وظیفه‌لری

خصوصا یانکی قورولغان دولتلرده اینك مهم نظارت داخلیه نظارتیدور. قله‌دورغان ایشلرینك اینك برنچیسی ولایتلرغه والیلر تعین قلمش. ولایتلرده والیلر بوتون مأمورلرنینک باشیدور ، گویا ولایتلرده باش وکیل‌نینک مقامنده دورلر.

بتون یورتده تنجلق آسایشلق‌نینک ساقلاشنی تأمین قلورلر ، بونینک اوچون بتون یورتده هر ایشدن ایلکاری یاساول قوتی ، برساقچیلر قوتی‌نینک وجودغه کیلتوروشغه مکلفدورلر.

یاساوللر [ پولیس ] نینک ساقچی [ ژاندارمه ] لرنینک وظیفه‌لری بردور یالغوز یاساوللر شهرده ساقچیلر ناحیه و کینتلرده ایش یورغوزورلر. یاساول و ساقچیلر توغریدن توغری والیلرنینک بیوروقی آستنده بولورلر. حکومت‌نینک یارلقلرینی اجرا قله‌دورغان یورغوزوش کوچلریدورلر. چنانچه بر گناه ایشنك توتوش یعنی جنایتچینی توشلاش یاکه بر محکمه‌نینک توختاملرینی اوتکوزوش یاکه آنکلاتدروش ، چیکه‌ردن ایچکاریغه کیره‌دور

غان يرلى ياكه اجنبى يولچيلر نيك وثيقه لرينى تكشريش و مملكت ايچنده گى تيپسه لق كشيلر نيك حركتلرينى قاراب بياب توزوش وظيفه لرينك جمله سندندور.

ياساول و ساقچى بولمغان يرلرده بو ايشلرنى وقتنچه عسكرلرغه تاپشريلور. پوسته لر قورادور. داخليه نظارتى - پوسته اداره لرى تشكيل قلور. پوسته لر مملكتنيك يوللرينك و تاشيغوچلق تاشيماق واسطه لرينك توزادور.

ولايت چكه ره لرينك توزوشغه چكه ره لاشغه تعلقدار لائحه لر توزادور، توزغان لائحه لرينى ناظرلر هيئتى غه سالادور.

مملكتنيك يوللرينك يانكيدن آچمق ياكه توزاتمق داخليه نظارتى نيك وظيفه لرى دندور.

داخليه نظارتى نيك مهم وظيفه لريدن بريسى جان رويخطيدور هر يورتداشنك قوليغه بر نفوس تذكره سى برماسدن توروب بر حكومتغه حكومت نامى بيريلمايدور، مناسب مو بولماس املاك ملكلر زمينلرينك چيكره لرينى قيلب ملكيت حجتلرى بريش داخليه نظارتى نيك مهم وظيفه لرينى جمله سندن دور.

§ - ١٢

## اوقاف نظارتى نيك قله دورغان ايشلرى

اوقاف اسلاميه موقوف له لرى غه صرف ايتدورماق، و موقوف لهى



يوق بولوب كيتغان، وقف درامدلرنيك، مدرسه لرنيك اصلاحلريغه معارف نيك حمايه سيغه تخصيص قلمقدور.

بونيك اوچون هر ايشلردن ايلكارى، توركيه نيك و مصرنيك اوقاف تشكيلاتلريغه عائد ترتيب و نظاملرنى تيكشريب اول ترتيب نامه لرغه قاراب محيط نيك شرائطلريغه موافق توزولغان قاعده لر ايله تشكيل قلشدور، بناءعليه اوقاف ايشلرينى يورغوزوشنه اوقاف نظارتيغه مخصوص نظامنامه قلنور.

§ - ١٣

## مدنى اجتماعى بولوم

مالیه نظارتى نيك وظيفه لرى.

ماليه نظارتى نيك اينك برنجى وظيفه سى حكومت نيك درامدلرينى تاپش، و برامدلرينى بريشدور.

حكومت نيك درامدلرى ايككى خيلدور، برى بى واسطه درامد ايكنچى سى واسطه لق درامد دور

بى واسطه درامدلر، زكات عشر و غيريلر.

واسطه لق درامدلر، خارجدن مملكتغه كيره دورغان مال لر متاعلردن آلنور، بو درامد، كومروك آرقالى بولوشى اوچون كومروك درامدلرى ديلور حكومتنك احتياجيغه قاراب، واجنبى دولتلر برلن بولغان معاهده ياكه

كامايادور ، احتياجغه قاراب ماليه ناظرى ، ملتكه تكليف قلنغوچى ويركى لائحه‌لرينى تيارلايدور ، لائحه‌لرينى قانون‌قوتيغه كرغوزوش اوچون چاره كورادور . احتياجغه قاراب بولادورغان كوچوروش ، اوزكارتدرش كبى ايشلرنى ناظرلر هيئتى نيك مصلحتى بيرلن قيلادور .

يانكى پول چيقاريش ايشلرغه قاراشلق معامله‌لر ماليه نظارتى نيك وظيفه لريدندور . ماليه ناظرنيك ، هريل باشنده حاضرلاغان درامد وبرامد حسابنامه سيغه بودجه ، ديب نام بريلو — يعنى ميزانيه ، ناملنور . ميزانيه سى بولمغان يعنى درامد برامدلرينى حسابى بولميدورغان حكومت يوقدور

## § - ١۴

## تجارت و زراعت نظارتى نيك وظيفه‌لرى

پاخته زراعتى نيك ، يپاك چيلق ، كبلامچلق ، يون ، تيرى ، ايچاكچيلق ، وهرتورلى توقومه‌چيلق ، كانلر ، مملكت نيك حيواناتى چاروا ، وباشقه شونك غه اوخشاش مملكتغه بايلق كلتوروچى مختلف اقتصادى ايشلرينى توزوب قورادور چنانچه - ايپاك ، پيله سى نيك اصلاحى ، پاخته اوروغى نيك اصلاحى ، كوروبچ ، دهقانچيلق لرى كبى ايشلرنى ، يانكى زمانده‌غى آلات آسباب ماشينه لربرلن ينه كللاشدورماق بونيك اوچون «شرقى تركستان» نيك هرتورلى زراعت وتجارت ايشلريغه خارجدن متخصص كيلتورمقدور ..



## § - ١٥

## معارف نظارتى نيك وظيفه‌لرى .

شرقى تركستان اوچون معارف نظارتى نيك اينك برنجى قله‌دورغان ايشى ابتدائى مكتبلرنيك آچشدور . آچيلادورغان ترتيبلى ابتدائى مكتبلرده حاضرچه ، اوقوش يازوش بلدورادورغان ، حساب هندسه ، خصوصا دينى اعتقادى درسلر اوكرته‌دورغان ، معلومات مليه و وطنيه‌لرنيك ، تاريخ اخلاق كبى بسيط درسلرنى تعليم قله‌دورغان درجه‌ده بولسه كفايه‌بولور مدرسه‌لرده ، علوم دينيه اعتقاد وفقه برلن برابر باشقه منفعتلق علملرنيك تدريس و تعليم قلدروشنى تامين و تفتيش قليش ، احوالغه قاراب مدرسه‌لرنى برى ياكه كوپراقينى ترتيب نامه برلن اوقوتادورغان اصلاح مدرسه‌لرى قوروش ، اونكه لائق مدرس و معلم بلكيلاش استعدادلى طلبه‌لر ايله تامين قليش‌دور .. معارف نظارتى ، مملكت نيك هرولايت هرناحيه و كينتلريغه ابتدائى مكتبلرنى قوروش ، ابتدائى تحصيلينى بتورغان مايه‌لر يتوشدورغان دن كين ، اورته عالى مكتب آچماق ، اورته تحصيلنى يتوشدورغاندن كين ، عالى مكتبلر آچماق ، يتوشغان طلبه‌لردن لياقتليلرينك معلوماتلرينى كينكايتوروشغه خارجغه يباريشدور .

بوقاريده يازيلغان بوتون ايشلرنى قوروب يورغوزوشغه شرقى تركستان

اوچون خارجدن برهئت علمیه کیلتور مقدور . معارف نظارتی نیك ، حاضر دەغی اینك مهم وظیفەلرندن بریسی منهم ولایتلرغه مطبعه لر قوزوب سهل و منفعتلق درس کتابلرنی نشرقلیب ملی مطبوعاتنی تر کوزوشدور .

یرلی محلی مطبوعات موجود بولغونچه خارجدن لازم کتابلر کلتورمق ، عمومی کتابخانەلر ، قرائت خانەلر ، قوروش معارف ایشیدور

## § - ١٦

## صحیه نظارتی نیک وظیفه لری .

یوقوملوق خستەلربرلن کوراش تشکیلاتی قوروب خستەخانەلر توزوب فقیرلراوچون ؛ توغوش خانەلر ، قوروش ، سو غذا ، چای ، و عمومی یرلر نیك تیکشریش ؛ قاراب توروش - پاك توتماق ؛ بوتون بوایشلر ؛ صحیه نظارتی نیك وظیفەلریدور بونیك اوچون اینك اول مملکتغه خارجدن ١٢ نفر دوقتور کیلتوروش ؛ مجنون خانەلر ؛ یتیم خانەلر ؛ [عاجز ایتلر] خستەلقی غه معالجه خانەلر قوروش ؛ [چیچیش] تیار کرلقلری اوچون مخصوص خانه لر تشکیل ایتیب قوروشدور .

دارو اجزالری اوچون کارخانەلر قوروشغچه ؛ خارجدن اجزا کلتورمق یاکه اجزاچیلرغه و - تیش طبیب لریغه یاردم قلمشدور .



## § - ١٧

## ولایتلرنیك قورولوشی

شرقی ترکستان داخلنده بولغان ولایتلرده ملکی و مدنی اداره ایشلرینی یورگوزمق اوچون داخلیه نظارتی طرفندن صلاحیتلق واليلر تعین ولایتنك آسایشینی ساقلاشقه شرائط مقتضاسیچه محافظەسی بولور .

## § - ١٨

هر ولایت والیلرنك ریاستی آستنده مرکز اوصولیده دینیه داخلیه مالیه شعبەلری تشکیل قلنب عمومی قاعدەغه مؤافق اداره قلناذور

## § - ١٩

ولایت داخلنده دینی حکم ایشلرینی شرع شریفغه موافق اداره قلمق اوچون محکمهٔ شرعیه قورولوب اینك نظارتنده معارف عدلیه ، اوقاف شعبەلری بولور.

## § - ٢٠

هر ولایتده دولت خزینەسی داخلی و خارجی تجارت ، دولتنیك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خصوصی اقتصادی ایشلرینی ، حکومتنك زکات عشر و اعانه ایشلری و شونکا اوخشاش کریم چقم ایشلرینی اداره قلمق اوچون مالیه نجارتنمه سی تشکیل قلنادور .

§ _ ٢١

چیت دولتلرنیك ایلچی خانه وکالت خانه‌سی بولغان شهرلرده ولایتلرده خارجیه نظارتی طرفندن مخصوص وکیل تورادور . شو بو وکیل خارجی معامله‌لر برلن مشغول بولادور .

§ _ ٢٢

حربیه ناظری طرفیدین تعین بولغان حربی مأمورلرغه و عسکری فرقه‌لرغه محلی والی طرفندن مادی و معنوی یاردم بریلور .

## ناحیه‌لر قورولوشی

§ _ ٢٣

هر ناحیه‌که حاکم تعین بولور ، حاکملر ولایت طرفندن تعین بولوب مرکزدن یعنی داخلیه نظارتندن تصدیقلانادور .

§ _ ٢٤

تنجلقنی ساقلاش اوچون ، محافظلری ، ژاندارمه ساقچیلری بولور



دینی ملکی حکملر اوچون شرع شریفغه موافق ایش قلادورغان محکمهٔ شرعیه اداره‌سی بولوب ، محکمهٔ شرعیه‌ده قاضی اسلام تورادور . ناحیه قاضیلری ولایتدن تعین ، و عدلیه ناظری طرفندن تصدیق بولادور .

§ _ ٢٥

دینی مدرسه و مکتبلرنیك قوروش ، معارف و اوقاف ایشلرینك اداره قلیش اوچون ، ولایت طرفندن هر بر ناحیه‌غه مخصوص مأمور تعین بولور ، ولایت فرمانیغه موافق محلی حاکم برلن کیلشیب ناحیه‌ده ایشلر .

§ _ ٢٦

زراعت ، هم سو ، ایشلرینی اداره قلمق اوچون ناحیه‌ده میرآب بولور ، معدن ایشلرینی ایشلاتماق اوچون مأمور بولور ، میرآب ایله مأمور ، والی طرفندن تعین بولورلر ، میراب داخلیه طرفندن ، مأمور ، تجارت و زراعت نظارتندن تصدیقلانادور .

§ _ ٢٧

ولایت شهرلری ناحیه آساسنده مخصوص شهر حاکملری طرفندن اداره قلنور .

§ _ ٢٨

## کینت قورولوشی

هر بر کینتنیك اطرافنده‌کی دهقان خواجه‌لقلرینی زراعت و ، سو

ایشلرینی ، مدرسه مکتب ، و باشقه دینی ملکی مدنی ایشلرنی یوریغوزوش اوچون ، ناحیه حاکمینی تعینی ولایت نیك تصدیقی برلن کینت امینلری توختاتیلور . امینلر ، حاکملرنیك فرمانی ایله هم قوللریده‌غی نظام نامه ایله ایش قلورلر .

§ - ۲۹

قشلاقلرده‌غی خلقنك تنجلقینی ساقلامق و اولرنیك عرض دادلرینی طلبلرینی یوقاری دائره‌لرغه یتکوزوش هم حکومت طرفندن بولغان فرمانلرنی اجراقلش ؛ عشر ؛ وقفلرنی روبخط قلیب یغیب تعین لانغان آمبارلرغه تاپشوروش دینی مسجد مدرسه مکتبلرنی یولغه کرکوزوب نظارت قلیش وشونیکغه اوخشاش ایشلرنی اجراقلیش اوچون ؛ قشلاق باشلقی تعین بولو باشلقلر کینت امینی فرمانیده قشلاق و محله کشیلری طرفندن کورساتیلر ناحیه حاکمی طرفندن تصدیق بولورلر .

§ - ۳۰.

## ناظرلر هیئتی نیك اوستینده‌غی مامورنیك وظیفه‌لری .

بو ، بیوك مأمور حکومتنیك قولاقی هم کوزیدور حکومت نیك بتون دائره‌لرنده‌غی ایشلرنی قانونغه موافق یوروب



[تو]رغانلقنی کوروب تیکشریب توراد[و]ر . بونیك اوچون حکومتنك همه اداره‌لریغه کیریب تفتیش قلغوچی و کال بولور ، و کیل تیکشریش حقوقیغه مالکدور . ولایت و ناحیه‌لرده‌غی حکومت دائره‌لرینی تیکشریب توراد[و]رغان بیار ، مفتشی بولور .

مفتشلر الغان معلومات و ثیقه‌لرینی عالی مأمور اداره‌سیغه تاپشوردادور . حکومت اداره‌لرنده‌غی خذمتچیلرنی قیلب تورغان ایشلرنده مساهله یاکه خیانت تاپلغان بولسه عالی مأمور طرفندن ، عدلیه نظارتیغه تاپشورالادور .

# تاریخ بولومی

## شرقی ترکستان ملی انقلابی حرکت تاریخی تاریخنك مندرجه‌لری .

توتقونلوق دوری - اورومچی خطای حکومتینك توتقانزبولی ، مظلومیت [ت]ونلری ، انقلابنیك برنجی دوری ، تورفان یغیلق لری ❁ قمول قوزغالانلری [ك]وچار انقلابی ، انقلابنیك مشهور باتورلری ، سیاسی عامللر ، سیاسی ملی [ت]شکیلاتلر ، شرقی ترکستانده عمومی اویغانیش دوری ، بوتکغی بیوك انقلاب [ی]ل ، قاره شهر تورفان کوچار اقسو ایرکینلیق ؛ مارالباشی محاربه‌لری ؛ [ت]وغون اوردوسی ؛ قرغز اوز کاریشی ؛ ایکی آر توجنیك قیامی ؛ کیاشغر

---

❁ یغیلیق ؛ قوزغالان - سوغوش معناسنده اویغورچه سوز .

ولایتنده انقلاب آلانكه‌لری ؛ مادوطی نیك سقوطی ؛ ختن یاركند آزادلق
امیرچیلرایله تیمرچیلر ؛ ترك تونكان مجاده‌له‌سی ؛ تیمور قرغز اختلافی ؛
تیمور فاجعه‌سی ؛ ینكی شهر محاربه‌لری ؛ استقلال جمعیتی نیك فعالیتی ؛ یانكین
چیلرنی ینكلیشی ؛ شرقی تركستان مستقل دولت قورولوشی ؛ عثمان علی بیك
نیك سقوطی ؛ یانكی حیات ؛ معارف و مدنیت ـ خاتمه .

---

## تونقونلوق دوری

آلان تاریخ نبوی ۱۳۲۱ غه‌یتی خاقان چین منصبدارلری بوینه شهرلر نی تصرف قلیب آلغالی یكرمه‌یته‌یل بولدی حالا بول درجه‌غه یتیلركم آبا و اجدادلریدز قالغان ملك میراث زمینلرینی تاشلاب قاچدیلر حالا بوتاریخده خاقان منصبدارلری انصاف متاع كمیابلرینی نسیان طاقچه‌سیغه آلب قویدیلر وعملدارلر ظلم پیشه‌لر ظلم ستم‌لرینی عایا و فقرا بلكه كافهٔ برایا اوستیكا كون دن كونغه زیاده‌قلغالی توردیلر ؛ بیوه بیچاره كوزیاشلری توكولغالی باشلادی

تاریخ امینیه ـ ۳۰۰ نجی بیت .

---

هجری ۱۲۹۳ یلیدن باشلاب خطایلر شرقی تركستانغه ینه استیلا قلغاندن بیری یرلقلرغه وحشیانه معامله‌ده بولدیلر ؛ عام ایشلری یرلیلر حقنده تحقیر وظلم ایدی . شونیك اوچون دور یرلیلرغه چانتو سینكو نامیتی بریب خورلادیلر . چانتو ؛ باش اوراغان ؛ سینكو ؛ حیوان معناسنده جطایچه سوزلر دور ؛



خطایلر اوزلرینی معبود خواجه ؛ باشقالرنی قل بنده اورنیده كوروشلری اوچون ؛ حكومت دائره‌لریغه ایش برلن مراجعت قلغوچی یرلقلرنی سجده قلدوروب چوقندرور ایردیلر .

یرلی خلقنیك جانی مالی عفتی ناموسی زمینی اوستنده خاهلاغانلریچه عیش عشرت كیف صفا قلورلر ، بیچاره یرلقلر همه حقوقلردن محروم قلنغان ، هیچ كشیده هرقنداغ حقسزلقغه برحرف ایله بولسون یخشی یامان دیشغه اقتدار یوق ایردی . ذره‌قدر خلاف حركت كیمدن بولسه سزیلغاز همان حبس قلنور محبوسنیك بوینیغه قولیغه پوتیغه یوغان تخته‌لر قالین تیمور كیشانلر بیكتولور تیاقلر ایله ـ بیخود بولغونچه اورولغاچ سونكره ابدی عمرلق قماقغه یاكه سور كونغه حكم قلنور ایردی ـ قماقخانه ایسكی پاسكنه ، سلامتلق اوچون بیك ضررلی ؛ بولوب انسانی تربیه‌دن خالی كاله آغلخانه سندن عبارتدور ؛ وطن وملت نیك آبادلقی معارف و مدنیتی سودا و صناعتی حقنده خطایلر هیچ بر ایش قلمدی ، عموماً خطای تونكان مامورلرنده رشوت پاره‌خورلوق كسب هنر بولوب قانون قورمه‌سی كیفان پاره خورلوقده مسابقه آلیب بارورلر ملت نیك آلتون كموش ؛ جواهر ، وباشقا عام بایلقلرینی زورلوق برلن یغیب آلدیلر اقتصادی ایشلر ؛ داخلی خارجی سودالر ماناپولیه قلنغان .

یرلی سوداكرلرنی خطایلر اوز فائده‌لریغه مجبوری اشلاته‌دورلر ـ محلی صناعتلرغه مطلقا اهمیت برمادیلر ، ملی معارف و نشریات ایشلریغه بیك

www.uyghurkitap.com



قاتیغ توسقونلوق قیلدیلر ، فحش بوزوقچیلق ، اخلاقسزلقلرغه افراط درجه ابر کنلق بردیلر ، بر طرفده خطایلاشدرش سیاستی نیك کسکینلاشدردیلر ، خطای مهاجرلرغه ، ترکستان نیك منبت محصولدار ، زمینلرینی الیب بردیلر ، مهاجر خطایلرنی یرلاشدیریشیده بیك آسان یول توتغانلر یرلیلرغه افراط درجه‌ده ئالقلر سالیب خلق زمین عمارتلرینی تاشلاب قاچغانلر ، یاکه آغر و یرکیلرنی تولا یالمغان کشیلرنی یر ـو زمین عمارتلرینی مصادره قلب ، اوزینی سور کون یاکه عمرلق قاماقده ـ یاتقوزغانلر ، ترکستانلقلرنی مجبوری صورتده خانون قز الا باشلادیلر شرقی ترکستانده ، خطایلر انسانیت اوچون بر داجنلق خذمت قلمندیلر روسلرینك ، غربی ترکستانده‌غی روسلاشدریش سیاست فورمه‌لرینی خطایلر عینا قبول قلغان ، ذاتاً خطایلر بتیك آچ قالاندرلرینی شرقی ترکستانغه ییارغانلر ، چونکه پول برده‌غی خطایلر ، فقط شخصی منفعتلر پول تاپیش بای بولوش برلن مشغول بولولر . انسانیت ایله آلدی بیردیلری هیچ یوقدور . خطایلرده قانون یوق هر کم اوز اختیاریچه حرکت قلور حکومت دائره‌لرنده مأمورلر عموماً افیون تارتیش ایله مبتلادورلر افیون ؛ خطای مأمورلری اوچون بیوك مشغولیت ، هر دائم کورسالك ـ چوزولوت یاتیب افیون تارتیب تورغان حالده کوره‌سین خطای محکمه‌لرنده عدل و انصافدن ذره قدر اثر یوقدور رشوت پاره‌نی کیم کوپراك بیرسه هر قنداغ آغر جنایتچی بولسه‌مو شونینك فائده‌سیغه حکم



قلنور پاره رشوت بیریشغه قادر بولمغان کمبغللر نه قدر حقلی بولسه‌لرمو تیاق یب پوتلرندن باغلانیب آسیلیب نتیجه‌ده عمرلق قاماق یاکه سور کونغه حکم قلنورلر ذاتاً ترکستانده یرلاشغان خطایلرنینك دینی ایمانی ؛ غایه و املی پولدور ؛ سونك سنه‌لرده خطایلر پول تاپیشی اوچون تورلی یانکی یوللر آچدیلر ، اولر بالشاویك پورغوزامینی تطبیق ایته باشلادیلر ؛ ملتنك مالی جان ناموسی عفتیغه وحشیانه تجاوز قلدیلر ؛ بناءً علیه پول وحشتلرغه قارشی انقلابی حرکت باشلاندی .

## انقلابنك برنجی دوری .

## شورشلان دغیلقلری .

شرقی ترکستانلقلر هیچ بر وسیله ایله تیپه‌لرنده باسیب یاتقان آلباستی لرنیك ظلم وحشتلرینی تورلی جبر و ستملرینی حکومت دائره‌لریغه آکلاته بیلمه‌یلر ذاتاً هیچ کمنه شکایت قلش جرئتی یوق ؛ خلق طرفندن بریلغان شکایت عریضه‌لر عالی مأمورلرغه یتکوزولمیدور ، یتکوزولغاندا مو ؛ اعتبارسز مهمل قالدیریلور ـ یاکه شکایتچیلرغه سوء نتیجه بغشلایدور ؛ خطایلرنینك تالان تاراجلریغه ناعلاج چیده‌غان یرلیلر ؛ عفت و ناموسلریغه خاتون قزلری حقنده بولغان تجاوزغه ؛ صبر طاقتلری قالمیدورده دین و ملت ناموس و عفتلرینی مدافعه قلیشغه یاراغ کوچ برلن کیریشب وحشی

خطایلرغه قارشی قوزغالان باشلانهدور .

# دونگان خائنلر

## خطای تونگان هر ایکیسی بر سوزدور

شرقی ترکستان‌نیک توتقونلوق دوریده یرلیلر ، خطای وحشیلری طرفندن قانداغ جبر ظلم الملرنیک تارتقان بولسه ، دونگانلردهو ، بلکن آندن ارتوقراق وحشتلرنیک تارتقاندور ، دها - اونده‌نده‌ کوبراق وحشتلر نیک تارتیب کیلمافده ، بول مسئله ایسه قویاش کبی روشن تاریخی حقیقت بولوشی او-تیغه عین زمانده بولوب تورغان فاجعه‌لر ، هیچ بر یرابده شبهه قالدورمدی . بناءً علیه [ خطای دونگان هر ایکسی بر سوز ] دیـماق یاکلشماغان بولورمز . صاحبقران بادولت یعقوب بیك غازیغه ، اوروم‌چی لورینجاسی نیک خیانتی ۱۳۲۸ نجی هجری یلنده چقغان قوموللوق انقلابچی باتور تیمور خلفه حقنده‌غی خیانت ، تورفان نیك مشهور انقلابچ سی احمد تاماق باتور حقنده‌غی خیانت ، حاضرغی شرقی ترکستان انقلابی نیك بیوك داهیسی خواجه نیاز حاجم حقنده تونگان طرفندن بولغان همده دوام ایتیب تورغان خیانتلر ، مرحوم شهید تیمور غازیغه قلنغان خیانتلر ، دینگیزدن بر اوتلام ، یامغوردن برتامچی قاتارنیده دور . دونگان خیانتی دونگا



وحشی نیك توشونچه‌سی کوز آلدیمزده توردور . بول وحشتلرنیك یانیده خطای وحشتلری بس بونون اونوتولادوزغان بر حالغه کلیب قالدی ، توغریسی خطای وحشی نیك بزغه تونگانلر - اونوتدوردی ، دیمك بزغه خطایدن کوره دونگانلر آرتوغراق ینه ایسکیراق دوشماندور ، بزلر خطای ظلمندن قوتولدوق اما هنوز دونگاندن قوتولغانمزچه یوق ، قوتولمادوق ، بزنیك خطایلردن اول قدر خوفمز یوق اما ، دونگانلردن تشویشمز یوق ایماسدور . بناءعلیه دونگان توغریسنده حاضرلقنك ، احتیاط بولوشنك چنك قلورمز دونگانلرایله کورەش میدانینك اوتکورلاشدرورمز ، دونگان توغریسینده شرقی ترکستانلقنك کونگلیده ذرەچه رحم شفقت بوندن‌سونگره بولماس . کورەش میدانیدەغی ناردان تجربه‌لر شرقی ترکستانلقلرغه شونی انگلاتدی سریع خطایلرنیك شرقی ترکستانده نیچوك حقی یوق ایسه قاره تونگان ] خطایلرنیمو شرقی ترکستانده برداجن لق حقلری یوقدور . شرقی ترکستان ، شرقی ترکستانلیمنکدور - بزنیك شعاریمز شول . شرقی ترکستان اوچون بوندن سونگره بیگانه آتالر آتالر کیره‌ك بولماس سریغ خطایمو قاره خطایمو ، نه‌یردین کیلغان بولسه اوشول یرغه بارسون خانلقینی تکلیقینی دوطنی یوتای شانگان پانگان دارین پارین‌لرینی باچنغه برکه آلیب کیتسون ، بزغه اولرنیك اوزیمو کره‌ك ایماس سوزیمو کره‌ك ایماس نامی رسمی دنی فعلی خوینی خطی عام یوقالسون ، بزایمدی اولرنی ابدی هایده‌دوق

بول ، داخلی مکروبلرنیك بوزوقچلقیغه چیك یاکه خاتمه بریلماغونچه اوز آرا آنکلاشیلماوچلقلر توکامایدوز
غانغه اوخشایدور . ایشیمز شو حالده دوام قلادورغان بولسه خدایم یوزماسون آزلوقت ینه کهنه قاره
استبداد بیکانه‌بوییونتوروغی یورتیمزنیك بوینیغه تاقیلیش قورقونچی احتمالسز بر ایش بولماسه کیره‌ك
اوز نسلینی اوز یورتداشرینی اوز قولی ایله ینه بالدورغی قاره وحشی بیکانه مستبدلرغه توتقون قلیش
توشونغه‌سیده مدرلاب چوزکولغوچی وطن و ملت خائنلرنیك قولغه کیرکوزوومز ، اوز ملتینی هلاکت‌چوقو
رغه تامان تارتیب سود رایسورغان خطایلاشقان وجدانسزلرنیك ، باشلقلری نمایده‌لری قولغه توشدی قالغان
قوتقان اوفاق توفاق مکروبلرمو قولغه توشوش عرفه‌سیده توراده‌رلر اوز یورتینك اوز ملتی‌نیك مقدراتینی
بیکانه‌لرغه سلتشدن آرتوق دنیاده جنایت بولماس ، فتنه‌نیك حقنده جناب الله تعالی حضرتلری الفتنة اکبر
من القتل ـ الفتنة اشد من القتل ] فتنه چلیق‌نیك کناهی ـ کشینی ناحق اوندوروش کناهیدن یوکراقدور
٠- فتنه‌چلقنك کناهی ناحق قان توکوشدن چنکراقدور دیب انسانلرنی فتنه‌چلقدن یاندوروبدور زیرا فتنه بر
یورتده دوام ایتسه تنچلق آسایشلق قورولماس ، بزنیك ٥٨ یللق اسارت
زنجیریده بوغولوب قالشیمزغه اوز آرا انکلاشیلماوچلق قارا ما قارشیلق
فتنه آفاتلریدن بولك سبب و عامل بارمو ایدی ، بول مسئله تاریخی حجتلر
برله ثابت ایماسمو ؟ تاریخ ، حوادثلرنیك قایته‌لانشیدن عبارت ایسه
، بز ایمدیکی یانکی قورولغان دولتمزنیك دورینده اوتکان کونلرده‌غی کهنه
یانکلشریمزنیك تکرار ینه بولماسلقی یولیده مطلقا رحمسزلق برلن کوره‌ش
الیب باریشمز نوبتده‌غی اینك بیوك وظیفه‌لریمزدندور . بزکه خطایلرده‌مو
دونکانلر دنمو ، اوز ایچیمزده‌غی خطایلاشقان خچرلرنك دوشمانلقی
یامانراقدور . ختن‌چلیق تیمورچلق قرغزچلیق اندجانلقچلیق دونکانچلق
آیرمه‌لرینی یورت و ملت ایچنده اوشو خچرلردن بولك ینه کیم سالابدور
نه البته ـ فتنه اوروغینی بول وجدانسزلردن باشقه هیچ کمسنه ترماندی ،



سریغ قاره ایپلاسلرنیك شونچه‌یل یورتومزنیك پاسکانه قلغانلق یتار
اونده بونده قالان برهاویچ بریم‌هاوییچ ؛ سریغ قاره پاسکانه‌لر افیون کبیغی
برلن بالدورغی کبی حکومت تیپه‌سنده توختاشنك امیدنده [ یاتیب قالغونچه
آتیب قال ] دیب بونکی وحشتلرنیك ایشلاماقده‌لر . بولرنیمو عمری آز
قالدی ، یقین چاغده بول سوقوندی قاره پاسکانه‌لرمو چار ناچار ؛ اوز یورت
لریغه اوزاتیبور . بوندن کین شرقی ترکستانده دولتنك حکمینی آنکلامای
دورغان ظالملرغه حقوق بریلماس ! یوق بولسون قاره سریغ وحشیلر !
یاشاسون شرقی ترکستان دولتی ؛ کینکایسون سیاسی دینی ملی علمی مدنی
اقتصادی انقلاب !! باربولسون اولوغ داهیمز رئیس جمهور خواجیم
نیاز حاجم ! یاشاسون شرقی ترکستان کونکوللی مجاهد قهرمان عسکری !
١٤ ـ شعبان ٥٢ نچی یل مجاهد .

## کاشغر فتنه‌چیلرغه مراجعت

اتفاق برلیك نعمتینك قدر و قیمتینی بیلماغان فقط یالغوز اوز شخصی
منفعتی‌نیك یولیده بربرنیك ایزیب زولوك کبی ایمیب سوروب ایچکان
منصب کیفیغه بریلکان دانغ آبرو نام پرست حرامخور فتنه‌چی عنصرلر یور
تومزدن یوقالمای توروب بزنیك قورولوشومزده‌غی حربی و ملکی
ایشلریمزنیك انتظامینی لایقنچه یولغه قویوشومزغه مینم فکریم یتمایدور

قولمزده‌غی حجتلر بو مسئله‌نینک برغه لایقنچه آرتوق آنکلاتغان ! فتنه آربابلرینینک دنیا و آخرتده الله تعالی نینک قهر و غضبی‌غه دوچار تولوشلری محققدور ،، دولتمز بوندن کین فتنه‌چیلرغه یول قویماس ، اولرغه قارشی چاره و تدبیرلرنینک ایشلاماقغه کیرشدی ، ایشلادی ینه قاتیغ ایشلایدور ایمدی فتنه‌چیلر کوزلرینی آچسونلر فتنه‌چلقدن پاسکانه قوللرینی تارتسونلر .

| تنکری اوقور ای فتنه‌چیلر سزلره لعنت | - باتور - |
| --- | --- |
| ملت اوقور ای فتنه‌چیلر سزلره نفرت | ۱۳ شعبان ٥٣ . یل . |

## ،، استقلال ‘‘ بولنده

دولت قورولوشی مینکلر یللردنبری کلغان تاریخی تجربه‌لی ملی اوولده بولادور سونکی یللرده آوروپا هم آسیاده انچه‌ینکی دولتلر بارلقغه چیقدی ، بولرنینک قوروتوش تجربه‌لرینی خصوصاً - اسلام دولتلردن بیوک غازی مصطفی کمال ترکیه‌سی برلن سلفیلر باشلقی بهادر ابن سعود ، حجاز شریف حکومت قوروشلوشی اهمیتلیدور . شرقی ترکستان نینک ۲۰۰۰ یللق قانلی تاریخندن تا - سونکی بادولت یعقوب بیک غازی حضرتلرینک - توغری هم خطا حر کتلرینی بخشی اوقومق لازم . - دولت یالغوز ,, استقلال ،، اوولنده قوره بیلور ، برتوتقونلوقدن قوتولوب ایکنجی آسارتغه کیرمک اوچون قان توکمکنینک حاجتی یوق . تورکیه‌نینک بیوک ,, استقلال ،، یغیلیقی یعنی



سوغوشی بونی تصدیق قلدی . ایرلر قتارنده - آلای ، آلای مجاهد خاتونلر غه قارشی اسلام هم ترک دوشمنلری ملیونلرچه عسکر و مینکلرچه فتنه چقاریب بیوک انقلابنی قانه باتیرماقچی بولدیلر .
خدای تعالی یاردم قلدی - ملیونلرچه آچ کوز دوشمن عسکرلری دینکیزغه شوپوریلیب توکولدی . مصطفی صبحی کبی بالشاویک فتنه‌چیلرینی یوزلرچه سی نینک کاللاسی کیسلدی . نتیجه‌ده ترکیه مستقل بولدی . جمعیت اقوام - بتون دولتلر ینکی ترکیه‌نی احترام قلدی .
بیوک بریطانیه قرالی حضرتلری ، غازی پاشاغه تاریخی هدیه‌لر تقدیم ایتدی . آوروپا دولتلری - و خصوصاً بالشاویک حکومتی ملیون ملیون دوللار اقتصادی قورولوشغه احترام یاردمی بردی .
,, شرقی ترکستان ،، چین - بالشاویک روسیه‌سی هم بیوک بریطانیه هندوستانی آراسنده قیسلیب قالغان بر اولکه بولغانلقی اوچون دولت بونی نظرده توتوب - سیاسی ، اقتصادی قورولوش یولیده - نانکین ، ماسکاو هم لوندون ، برلن معامله‌سنده بیوک سیاسی بیلیم هم احطیاطلق لازم .
خدای تعالی نینک مرحمتی ، شهیدلرنینک مبارک قانی ، بیوک غازی خواجه نیاز حاجیم حضرتلرینک ؛ مجاهدلرنینک هم حکومت آربابلرنینک اجتهادی بله - انشاء الله الرحمن بیوک ترک ملتینی بیشیکی هم تاریخی مدنیتی برلن مشهور بولغان شرقی ترکستان آزاد بولور - هم غازی مصطفی کمال ترکیه‌سی

فقا بده ،، استقلال ،، غه ایریشوز .                    استانبوللق

یوسف مصفر                    کاشغر .

ادارەدن                    ٣٠ - یللردنبری ملی انقلابلرده اشتراك قلغان

عالی تحصیل کورغان قارداشیمز یوسف مظفر بیك - بلمی و قلمی برلن کاشغر

ده ،، شرقی ترکستان ،، قورولوشیغه فعال قاتناشیب یاردم قلیب تورغان بولسه

مو یرلی مطبوعاتغه قاتناشماغان ایدی ، بوندن کین - دنیا سیاستی ، حقوق ،

اقتصاد مسئله‌لری حقنده ،، استقلال ،، مجموعه‌سنده ، هم ،، ازکن ترکستان

،، ده مقاله‌لری بولوب توروشینی امید قلورمز .

# ترغیبات

## علمده قوت ، عملده شرف و عزت .

معلومدورکه نوع بشر اوچون مدار تکلیف بولغوچی ترسه اونیک قوه

عقلیه ؛ وقوهٔ علمیه‌غه ایکه بولمافیدور ، و اونیک حیوانات نوعندن امتیازی

آیرمه‌سی تفکر وتعقل و تجربات و ملکه‌لری برلن دور . بولمسه حواس دور

ظاهره‌لرده انسانلر باشقا حیوانات ایله برابر ؛ بلکه حیوانلر - بعض حاسه

لرده تفوق قلادور .                    شهوانیتده حیوانلر ، انساندن صبرلیدورلر

اونك اوچون تناسل و ازدواج ایشلری معلوم وقت و موسملرده ] یاز



کونلرده ] بولیب باشقه وقتلرده اناث صنفلریغه تعدی قلمایدورلر .

بناء علیه نوع بشرنیك عزت و شرفی امتیازاتی علوم معارف و تجربات

ملکه‌لری ایله بولیب علمنیك شرفیمو حقیقی دین ایله برلو . دین ، انسان

نیك حیات مسعودیه‌سی اوچون رکندور اسلام نظرنده علم تعلیم و تعلم اهل

علم ایله مناسبتلری بولماغان آدملر همج آتلق حیوان حسابلانادور . بلکه عقل

لرن ایشلاتماغان انسانلر تلسز کوزسز اینك یامان حیوان دورلر .

استعیذبالله ؛ ان شر الدواب عندالله الصم البکم الذین لایعقلون .

بر قوم و ملت نیك ترقی و تنزلی علم ایله علاقه‌لری بولیب بولماغانلقی ایله

متناسبدور .          یر کره‌سیده علم و معارف صاحبلری قوت و عزت تاپیب ؛

جاهللر و خرافات عاشقلری ذلت و حقارتده قالغاندورلر .

بشریت و فطرت [ استعداد ] دین و بوتون دینلرنیك خلاصه‌سی و ابدی

اسلام دینی مقدس قرآن کریمنك برنجی تعلیمی اوقوماق بلماقدور استعیذبالله

- اقرأ باسم ربك الآیه .

حکومت و دولتلر علوم و معارف ، ترتیب و قواعد دان باشقه دوام قله آلمای

دور . اولوغ مجتهدیمز محترم امام محمد رحمه‌الله تعالی ، علم حسابده تورت عمل

قاعده‌سینی وضع ایتدی .          عرب اسلاملر طرفندن علم حسابده [ الجبر

والمقابله ] قاعده‌سی وضع قلیب حاضرغی بوتون یاوروپا و امریقالرغه رهبرلق

یا استاذلق قیلماقلرینی تاریخ سوزلاب تورادور .

نبينا محمد المصطفى صلى الله عليه و سلم نيك [ اغد عالما او متعلما او سامعا
حديث - يعنى علم تعليم تعلم - و اهل علم ايله مصاحبه قلماق ايشلريغه
باشقه‌لردن سبقت ايدنكيز ؛ و اوزاق سلوك قلنكيز ديكان فرمان عالى‌لريغه
امتثالاً سلفلرمزدن قتيبه‌لر ، ابن فضلانلر ، و غيرلر بيوك تاغ و تاشلرنى
اوتوب اعلاء كلمة الله قلماق جاهللرنى اوقوتماق بو ايله خيرات بابلرنده
مسابقه قلشمق مقصدي برلن سياحت قلب خطايستان توفراقيغه و ايدل
اورال قطعه‌لريغه يتديلر . علم و روح ديانت چاچيب عبرتلى تاريخلر
قالدرديلر . قاعده و نظام توزوماق اوزاق ايللرغه يرلرغه سياحت قلمق
و علم تارقاتماق دينمزنيك روحى سلفلرمزنيك سنتى بولسه بزمو خلفلر
نمه ايشكه انداغ قله آلمايمز ؟ خصوصاً بز شرقى تركستان اسلاملرى
بوناكونكنه مستبد و بى ترتيب قانخور مجوسى خطايلرنيك اداره‌سنده
محكوم و ذليل ايدوك ، الله تبارك و تعالى بزلرنى مستقل اسلام حكومتى
قورمق ايله عزيز ايتدى . اوشبو حكومتمزنى ترتيب و قاعده اساسيغه
قويوب علم كوچلرى ايله حمايه قلمقمز لازمدور .

علم اينك قوتلق ياراغدور . علم كوچيغه هيچ بر كوچ توسقونلوق
قله آلمايدور علم و معرفت صاحبلرى هوالرده اوچوش قيلب محيط
دينكيزلرنده سياحت ايلار . -

ترتيب و قاعده كه محتاج بلكه اصلاحاتمز نيك بسمله‌سى دينى و عرفانى



مكتب و مدرسه‌لرمزنيك اصلاح قلمقدر .

معارف نظارتيغه بولك خصوصده اهل عرفانلر ايله مذاكره و تعاطى افكارينى
قلشمق و اولرنيك مجلسلرينى بلمق لازمدور . بونيك اوچون استقلال
جمعيتى نيك علمى هيئتى نيك راهبرلق ايتيشى كيرك دار المعلمين لرمز مكمل
قاعده و نظامغه قويولوب اوقوش و اوقوتوش اسبابلرى ايله ياراغلانب اونكه
مقتدر معلملر جلب ايتلب اطرافنده‌غى و بلكه مملكتده‌غى بوتون مكتبلرغه
رهبرليق قلسون ! . رهبرليق ايشلرنده مقتدر معلملر كنكاشيغه وسيع حقوق
لر بريب معلملر يتشدرمق و مخصوص فنلر اوقوش خصوصده اجنبى دولت
لرغه يبارمق اوچون شاكردلار تيارلامق و باشقه وظيفه‌لر بو كا تيلسون
دار المعلمين لريمز دار العرفان بولسون !

شرائط و وضعيتلريمزغه موافق نظام و قاعده‌لر توزولسون !

يورتداشلريمزنيك علوم و معارف ايله زينتلب علم و عرفانلريمزنى دين
ابدى بشريت سعادتى بولغوچى دين مبين اسلام و شريعت غرامزغه تطبيق
قلساق ايكى دنيا سعادتى عه انشا الله نائل بولورمز "والذين اوتوا العلم درجات"

١٣٥٢ - ٦ شعبان عبد الرحمن لقمان " الباشقردى "

## بزگه تاش بوركلى ايشچيلر كيره‌ك

ياڭكى قورولغان دولتمزنيك تورلى دائره‌لرنده دولت ايشلرينك لايقنچه

www.uyghurkitap.com



يورغزوب آليب بارادورغان معلوماتلى متخصص ايشچيلرنيك بزكه هوا سو كبى مدار حياتيمز بولغانلق توشونجه لى بصيرتلى هربر يورتداشغه بلكليدور. يالغوز بزنيك محيطيمزده ايشلايدورغان ايشچيلرنيك تاش يوزه كلى ثبات ومتانتلى بولوشى شرطدور.

تاش يوره كلى ثبات و متانتلى قهرمانلردن باشقه تورلى كشيلر مايلى كملر بولسه بولسونلر شرقى تركستانده برداجنليك بر كرامت كورسه ته بلماسلر شونيسى خاطرده توتولماليدور كه ثبات و متانتغه تدبير باغلقدور. محيط و شرائطنك طلبنه كوره تطبيق اتيش وضعيت ايله حسابلشمق بصيرتلى ايشچيلرنيك عمليا تلرنده اينك بيوك بر عملدور.

احوال روحيه و وضعيتلر ايله حسابلاشيب يعنى خلق افكار عامه سى كوتاره آلورلق بر حالغه قويوب وظيفه نيك بجا قلمق ؛ هارماى تالماى قورقماى ايشنى آقزوب پرغرامنى تولغوزوش هربر ايشچينك هربر منور ياله متخصص نينك نصيبه سى ايمانه دور. بـرى معلوماتلى اما ايشچى ايمـاس ، بـرى معلوماتلى هم ايشچى اما ثباتسز ينه برسى معلوماتلى ثباتلى ايشچى امابك آليپتـه تـه رنـاز ، نه ايسه بزده ايشلايدورغان ايشچيلرنيك اخلاقلرينى كوزل بولو شى اينك مهم شرطدور. ايشچيلر توغريسنده بونچه اغرلقنيك نيمه لازملق بار ديدورغان كمه لر بولسه باردور.

فقط بول جاى شبرقدور يعنى شبرقى تركستاندور ديمك شرقى



تركيستانده عربستان ياخود تركيه و افغان حياتى نيك هيچ بر ايزكار عسيدن لوزيو بونچه قبول و تطبيق قلش بزسا ه لق بولور ، بر قومنك حياتى نيمك انيك توه موشى عرف عادتى اخلاق و طبيعتى ديمكدور.

بزده بعض بر منورلريمز ، ثبات ديب هر تورلى يانكليشلرغه اينده ماى كوز قسيب اوته ريشنى توشونغانديك ، بزنيده شرقى تركستان حياتنده غى فكرلر مزنى يانكلش توشونيلمسون ! مقصوديمز ، شرقده ايشلامق اوچون شرقلى بولمق كركدور. ياوروپا حياتى توموشى اخلاق قيافتى شرقده منفور بر تودموش بولغانلق اوچون شرقى تركستانده اونيك استعمال قلش ايله نفرت كسب قلمقيدن باشقه بر فضيلت يوق. بزكه ياقه توزانه دور غان اوپا اينكلمك سورتوب پاردار قلدورغان مكيان چاليش خومسه ايشچيلرنيك كره كى يوقدور. شرقى تركستان نيك تاش ياستوق ، توپراق يورتقانيدن نفرت قلميدورغان دردلى ايشچيلر باتور دينچيلر لازم. داخلده وخارجده شونداق دردلى باتور تامور داشلريمز آز ئماسدور ، شونداق تامور داشلرغه شـرقى تركستان قاپوسى هرچاغ آچقدور ، تركستان تركستانلى نيكدور. قاش توزه ته من ديب كوز اويه دورغان ذاتلر نيك بارلقيدن يوقلقى توزوك ، تجربه شونى او كره تدى.

نه يرده بولسه مهاجر دردلى تامور داشلرنيك ايشچيلرينك تشريفى نيك شرقى تركستان باشى ايله كوزى ايله بيكلايدور. شرقى تركستانغه خدمت

اورومچیده حاکم و باشقه حکومت اورنداسیدن بولك ضبطیه دائره لرنده هر کون ایلیك آتمیش تنی تناده آدملرنینك یالانکغاچ قلیب باشلرسیدن بر قداق یر یاغی نیك قیویب بدوین اعضالرینه یتکوزغاچ آیلقدن اوتشیاقیب وطنداشلریمزنینك کویدوریدیلر . اوت ییولغه یتوشغوبیچه اقتعالنلك جانسی چقماس ایکان ، منانه شرقی ترکستانلقلرغه خطای حکومتی طرفدن ایشلانغان همان ایشلانیب تورغان جهانی تاریخده کوریلماغان وحشت و نمالریغنشیکی شونداغ وحشتلرغه دوچار بولغان وطنداشلریمز وحشیلرغه قارشی کره شیغه قاتناشغان کشیلر بولسه ایدی ، یوق آنداغ ایماس بتول بیچاره لر خطایلاشقان خبرلرنینك جاسوسلق شخصی خصوصی عداوت انتقام مقصدیغی یولی یاکی خطایلرغه یاقین معتبر بولوب آبرو آرتدروش خیالی برلن قلغان وحشتلردور ، هنوز بز شرقی ترکستان اهالیسنی شول مدهش فلاکتلردن بیرتیق قوتولغانمز یوق :

دوشمانلر برلن نینك شونداق وحشیلقلر ایله محو قلیب مقدس توپراقمزغه خطایستاندر خار ذلیل مخلوقلرنی کیلتوروب اسلام ترك بیشیکی بولغان شرقی اولوغ ترکستانمزنینك خطایلاشدروب یوقمقنك افیون کیفی برلن خیال قلور تونینك اوچون حاضرلقلرنی یوق ایماس . شونداق نازوك دقیقه لرده بزلر تیار لقده مساهله قلیب اوز آرامزده چلق مجادله لری برلن اواره بولوب تاریخی کهنه خطالریمزنینك تکرارلاتاق کوزه دورغان کونلریمز یوقاریده بیان قلنغان



وحشتلردن زیاده یراق بولمسه یولوبر ، اما هیچ آندن آو بولساخن مسئله نینك نازوك نقطه سنی احتیاط بولادورغان یری شولدور . کاجیغر و لایتندن آلغان معلوماتلریمزغه کوره عین زمانده اوز آرا آنکلاشیلماو چلقلر ایله آراره لقلرنی آنکلاشیلور ، هانی اسلام ترك بالهسی ، سین دوشمانینکنی کیم ایکانین آنکلا ! هانی شرقی ترکستانلی یورتداشلر ؟ دولتنکنز حیات ابدیتی ـ ملی انقلابینکزنی کینکایشنی یولیده بر فکر بر مقصد برلن بتولی قولغه بیریب چالیشنکز ؟ جناب رب العالمین همه مزغه برلکنی نصیب بیورسون .

٢٧ ـ رجب آقسو : کریم خان غفوری .

# شرقی ترکستانده پول مسئله سی

دولت نینك چیقارغان یانکی ملی قاغاز آقچه لری مناسبتی برلن ...

اورومچی زماندنبیری شرقی ترکستان پول بحرانینی کیچریب کیلمقده ایدی . اورومچی نینك نظامسز قاره مستبد خطای حکومتی نینك هر بر دائیره سینده انتظامسزلق اوزباشیچه لق قانداغ دوام قلغان بولسه اونینك مالیه سینده مو شونداغ انتظامسزلق اوزباشیچه لق دوام ایتکان .

اقچه مسئله سینده بتون جهانده مثالی کورولمگان رسواچلقلر اورومچی حکومتنده بار ایدی . چنانچه اورومچی حکومتی آقچه چیقاریش

www.uyghurkitap.com



بزنیاك خلقیمزدن اوزكانغاندورلر . ... ... ... ... .

دولت نیاك تأمیناتی و سوداكرلر نیاك ایشلرینی تسهیلاتی اوچون جناب رئیس جمهور خواجه نیاز حاجم حضرتلرینات اجازه‌سی ایله هم رئیس جمهور حضرتلرینیك صلاحیتدار وكلاسی كراملری ایله اهل الحل والعقد ناظرلر هیئتی نیاك اتفاق نوبتو ختاملری ایله بتون شرقی تركستانده لوتادورغان برسرلق، هم بیش مثقاللق ملی اسلام اقچه سی چقازیلدی .

اوشبو چقازیلغان ملی اقچه غه بتون پادشاهلق زمین و عمارتلر دوكان و سرایلر كریو زاهی قلندی ، اوشبو ملی اقچه ، حكومتنك همه ادارەلریده زكات ویر كو ، و یوشته كبی تمام وارداتلرغه قبول قلنادور . بتون حكومت دائره‌لری و بازچه یورتداشلر اوشبو یانكی ملی آقچه‌نیك قبول قلورلر . معامله‌لرده احترام ایله یورغوزدولر . اكر بول خصوصده مساهله قلنسه ، یاكه یاسامه ساخته اقچه چقاریلسه ساخته چیلر نیاك كوناهینی حكومت عفو قلماس ، نهایت آغیر مقاتیق جزا بیریلور .

یانكی ملی اقچه‌نیك سانی ، مطبعه و باشقه كمچلقلر سببلی حاضرچه كونكولده غیدیك چقیب الولایكوره اتانلقی اوچون بو وقتچه خطای اقچه‌لریمو استعمال قلنیب توردولور . صوفیزاده

---

اعتذار . ... اوزیمزدن بولمغان بعضی سببلرغه بنا یانكی چقغان ملی اقچه‌نیك نمونه‌ مثقینی درج ایته بیلمدوك . اداره



# ادبیات

## حیوانات تورموشندن النغان حكایه .

حیوانلر ، انسانلردن كورغان جبر ظلم انواعلرندن قوتولوش ، دنیادا راحت و تنجلق ایله تریكجیلق قلمیش اوچون هم بول مقصدلرغه نائل بولوشغه بر چاره و تدبیر ایزلامق نیتی ایله جمیع حیوانلر بر یرغه یغلیب كینكاش یاساماقچی بولدیلر . كوب اجتهاد قلغاندن سونك یغلیب بولوشدیلر ، مجلس رسمی صورتده آچیاب آرسلاننك رئیس شیرنی باش كاتب سایلاشدیلر ، حیوانلرنیك بو مجلسلری عمومی بولوب حیوان نامینی كوتارغان هر بر جانیبارنیك مجلسغه كرمق حقی بولوب برینك شخصی‌غه تجاوز قلمسلق شرطی برلن تیلاكانچه سوز قلیلشغه اختیارلی ایدی . شونیك اوچون بو جمعیتده یاوایی حیوانلر بولغانده اوخشاش اوی حیوانلریدنمو وكیللر بار ایدی . اعضالر جمع بولغاچ مجلس آچلیب رئیسی افندی منبرغه چقنیده جماعتكه قاراب سوز باشلادی . ای جنسداشلر! سزلرغه بلكلی دوركه كوب اجتهادیمز نتیجه‌سنده اوزیمزغه مخصوص بولغان اوشبو اولوغ جمعیتكه ایكه بولدوق ، بزنیك حیوانلر ملتی انسان بالەلریدن نهایت حسابسز جبر ظلم كورمكده دور هر برلرنكیزغه بلكلی دوركه ایندی جبر ظلملرندن نجات تاپیش دنیاده تنج - توروش اوچون چاره ایزلامق مقصدی ایله اوشبو عالی مجلسغه یغیلدوق شولتوغرالو بو بیوك و مهم مسئله حقنده هركیم اوزینك فكرینی توشونچه سینك سوزلاشغه اختیارلقدور .

یله هر برنكز بو توغریده كونكلنكزده‌غی دردلرنكزنی تیلاك و مقصدلرنكزنی نوبت برلن یازیب سوزلرسز دیب سوزینی توختاتیب مجلس اهلیغه قارادیده توردی . بر ثانیه اوتار اوتماس مجلس اهلیدن تولكی قندی باشینی كوتاریب مینی یازنكز دیب اشارت قیلدی ، سونكره بولك حیوانلر مو بری برسی نیك كینیدن سوزلاماقغه حاضرلانیب یازیله باشلادیلر .

تولكی متبرقه چقیب جماعتكه قاراب تعظیم قلغاچ دیدی . افندیلر ! بول اوروتقه نه مقصد

ایشلرینینك منتظم و معین بر یولغه قویغان ایماس ایدی ، هر بر ولایت اوز
باشیچه خاهلاغانیچه اقچه چقارادور ، بر ولایتده چقاریلغان خطای اقچه‌سی
ایکنچی بر ولایتده یورماس اوتماس . . . چقاریلغان اقچه‌لرنینك کوپ‌ویده
یوقی‌یده یوق ، بناءً علیه شرقی ترکستانده ساخته اقچه‌لر تولوب کتدی ،
شونینك ایله برابر اورمچی خطای حکومتی ترکستاننینك آلتون کوموش
بایلقلرینی یغشدیریب آلدیلر ، بازارلرده ملتده آلتون کوموش قالمغان ، بهاسی مو
آشیب کتیب تاپلغانده‌مو ۱۰ سوملق روس تللاسی ۱۵۰ سرغه ساتیلور بتون
ماللر ، یوزده ۷۵ فائض آشیب کیتیب کاسبلر هنرمندلر آغر احوال کچردی .
۳۱ ـ ۳۲ نجی یللرده خطای آقچه‌سینینك توتوشغه نفرت قلدیده کمنیك قولیده
آز توله اقچه‌سی بولسه آلدوراب بازارلرده کوزیغه کورونکان مالنی آرزان یاکه
قیمتلقیغه قاراماسدن آلیب قانداغ بولسه‌مو خطای اقچه سندن قوتولوش چاره
سینی ایزلاشغه کیریشدی . .
شونك مناسبت برلن تاشقه‌مو نرخ بهالر ۳ ـ ۴ برابر آشیب کیتدی . نتیجه‌ده بر
سرلق خافودن بولك ٤ ـ تنکه‌لق سینپیو ایله بشسرلق قغاز اقچه‌لر بیلك
یمان سقوط ایتیب باریب باریب خلق مطلقا آلمای او تماس بولدی ، خطای
حکومتی آلدوراب قالدی خلقده هیچ‌جان بر کونکه جاکار چیقاریب
سینپیو آلنمایدور ، خافیولر آلنادور . ۲ ـ نجی کون جاکار چیقاریب
باجخانه‌لردن تارتیب بتون خلق سینپیو خافیولرنینك آیرمسدن آلادور ، کیم



آلماسه جزالانادور . بیچاره خطایلر هر تورلی تدبیر قیلسه لرمو ? بیمازه اقچه
لرنینك اعتبارینی کوتاره بیلمدیلر . بته خطای آقچه‌سی اوز حالیچه دوام ایتدی ،
شرقی ترکستانده ملی آزادلق انقلابی‌نینك اوچقونلری بوتون اولکه‌غه چاچلیب
آزادلق دوری کیلیب ملی دولت قورولغاچ ـ مالیه نظارتی‌نینك نوبتده‌غی
وظیفه‌لرنینك بری ـ هم بیوك و مهم بولغان یانکی ملی آقچه‌لر چقاریش مسئله
سی الدیغه کلدیده باش وکیل حضوریده بولوب اوتقان ناظرلر هیئتی‌لرنینك
۵۲ نجی یل ۲٤ نجی رجب تاریخلی مجلسده یانکی ملی اقچه چقاریشغه توختام
قلندی . . . یانکی چقغان ملی اقچه مناسبتی ایله باش وکالت‌نینك اخطاری .

# اعـــلان

۱۳۵۲ نجی یل ۲۵ نجی رجب

بتون یورتداشلریمزغه همه فقرالرغه معلوم بولسونکه ، بورونغی ترتیب و
انتظاملق حکومت قورولمغانی جهتدن پراکنده‌چلق بولوب ، ایندی
حکومت قورولوب انتظامسزلق اوز باشیچه‌لقلرغه خاتمه بریلدی . . .
عالم انسانیت‌غه علم و مدنیت درسلرینی بریب استاذلق قلغان سلف مسلمانلریمز
ایدی ، سلفلریمز هر بر خصوصده ترقی ایتکانلر ، یانکی کشف و ایجاد قلغانلر
امویه خلفالرندن عبدالملك ابن مروان حضرتلری سوداگرلرغه تسهیلات کورسا
تمك اوچون کاغذ آقچه چقارغان ایدی باشقه دولتلر کاغذ اقچه چقارماقنی

ایله چققانمزنبك رئیس افندی انكلاتدی انسان باله‌لریدن حقمزغه بولوب تورغان تجاوزلر جبر ظلملر حقیقه - بزنبك اوشبو مجلسغه یغیلشیب شكایت قلشغه مجبور ایتدی . اولرنبك قاشنده ایكی پوللوق قدر و قیمتیمز قالمدی ، بز حیوانلر ملتی‌نبك نه یرده كورسه‌لر اولدیره‌دورلر ،، كویا بزلر یاشیرون مذهبلرغه منسوب كشیلرغه اوخشاش هر یرده قاچیب یاشیرنوب یوروشغه مجبور بولدوق !

دوروست راست حقیقت اهللری باشده اوزلرینك فكرلرینی مخفی تارقانه‌دورلر ، لكن بزنبك توشونچه‌لریمز آنداغ ایماس ، بز اوزیمزنی اوزیمز ساقلاماساق ، انسان باله‌لری بزلرغه هیچ وقت مهربانلق قلماس ! آرام برماسلر . مثلاً - من اوز حالمدن عبرت آلورمن ، بزنبك تیریلریمزنبك سویوب آیریب ساتیب فائده كورورلر. اوزیمز اولرنبك آلدنده اعتباردن توشوغلوقدورمز ، اما تیریلریمز اولرغه بیك قیمتلیكدور ، شونبك اوستیغه اولر بزغه آلداقچی دیب بهتان سوزلب یوریورلر. بتون جهانده بزلرنی آلداقچی‌لق ایله عیبلب قاره‌لایدورلر . اما - اوزلرینك اوترالرندن برره‌سی حیله‌چیلق آلداقچیلق قلسه آنكه تولكی دیب بزنی مثال كلتورورلر ، قارانكیز افندیلر! انسان باله‌لری بزنبك اوستومزغه قایداق ناحق هجوملر قلورلر!

افندیلر! بزلر اكر آلداقچی بولساق انسانلرغه یتشه آلورمزمو؟ اوزیمزنبك ساقلامق یولیده شونچه لق تدبیر قلماق انسان جنسی‌نبك شر و فتنه‌لریدن قوتولوشمز ممكن بولورمو ایدی ؟ بوچاغقه‌چه‌لق بزلر دنیاده منقرض بولوب بر اوستنده اوروغمز دن نام نشان قالورمو ایدی ؟ شول چاغده رئیس ایله باش كاتب قولاقینی بر بریغه یقنلاشدوروب نیمه توغریدن بولسه كیره‌ك پچرلاشیب الدیلر .

ینه تولكی اوزینك سوزنده هنوز دوام قلبور. باشقه حیوانلرمو شول انسانلرنبك دخل و تعرضلریدن هیچ بر چاغده امین بولوب تورا آلمایدور، بناءً علیه تاخیرغه قویماسدن بو ظلملردن قوتولوش‌نبك چاره‌سیغه كیرشماقمز ضرور و لازمدور ، بو حقده بزلردن كوچلیراق غیرتیراق جنسداشلریمز نه‌نبك اختیار قلورلر؟ ایكان دیب تولكی افندی سوزینی توكاتیب توختادی . بوتون مجلس چاوه‌ك چالورلر. دوامی بار.

## شرقی تركستان دولت قورولوشی مناسبتی ایله بولغان اولوغ تمایشغه بغیشلانیب دارالمعلمین مدیری طوغرل بیك طرفندن سوزلانغان تیزمه.

قیلب تنكری عنایت بزلره اقبال باشلاندی ❀ اوزولدی زنجر ذلت عجب بر حال باشلاندی

چیدبر روحلرینی قلغالی خوشحال باشلاندی ❀ یچالشدی ملتم غیرتله استقبال باشلاندی



اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی

اوتوب تاریخ برمینك اوچ یوز ایلليك ایكی هجریدن ❀ بكرمه اوچ رجب شنبه كونی اهلی حمیتدن

حكومتنك قوناقیغه یغیلدی عالی همتدن ❀ همه كانه قومندانلر كلبشدی یخشی نیتدن

اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی

عزیز مهمانیمز محمودندیم بیك رهبر ملت ❀ قومندانلرغه باقیب دیدی آیلانك ملت خدمت

شهرلق اندجانلق همده قرغزسن دیمنك هیچ وقت ❀ همه مز بر آتا اولادی هم افراد بر ملت

اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی

الیب مصحف قولیغه خدمت ایتماكغه قسم ایلاب ❀ اوترك لیق حسیاتی بزله بزلرغه كرم آیلاب

ارشالدم حاضرینغه قندی تأسیر كوزنی نم آیلاب ❀ اطاعت قلدیلار هر قایسی قدینی خم آیلاب

اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی

سوغوشی ناظرلیقغه مجلس اهلی‌نی تامانیدین ❀ اوراز بیك‌نی قویولدی هپ قومندانلر قراریدن

بولوب مركز قومندانی یو باتورلر آراسیدین ❀ اوشال مینكباشی یوسفجان ایرور ملت غلامیدین

اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی

بوكون یكشنبه خورشید تا كه چیقاردی باش ❀ بولوطلر بزله بلدام آیلاغان ایردیمو كین كنكاش

كه حائل بولماغیل حسنومنی آنلرغه قلایدیب فاش ❀ صباهم باخبر ایردیمو كین آنكا بولوب یولداش

اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی

بزیم بایراقیمیز رنكنده كیمشدی سما خلعت ❀ تیمیز آیلر ایدی برنی قلیب باد صبا خدمت

كولوب اویناب باقیب هر یان ایدی شاه كدا خوشوقت ❀ دعا آیلر ایدی خوار اولماسون دیب دائما ملت

اوتوب دوري اسیري دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی

اوقوب شرقیلرن مكتبلیلر ملتنی مست ایلاب ❀ بیوك سردارلری كورغانده بر بردن سلام آیلاب

تمن نبك اوترا سیغه توردیلر ، باربب قیام ایلاب ❀ تمام عسكر توروب صف آچدیلر یول احترام آیلاب

اوتوب دوری اسیری دوری استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی

قیامی ساعت ایكیده خلایق انتظار ایردی ❀ كوتوب ایل باش وكیلنی بارچه‌سی بردن توراار ایردی

آلورغه رسمیمزنی اجنبی شخصلرده بار ایردی ❀ وكیل‌لر نامینی بلمك اوچون یوزت بی‌قرار ایردی

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

اوتوب دوری اسیری دوری استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
کیلشدیلر اوشال دم حاجی ثابت برله مهمانلر ❀ سلام آیلاب تواضع قلدیلر میدانده تورغانلر
همه عسکرلری برلن یتیب کلدی قوماندانلر ❀ عدولر قایغوده خرسند ایدیلر اهل ایمانلر
اوتوب دوری اسیری دوری استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
اوقولدی حاجی ثابت نیك تامانیدن بیاننامه ❀ وکیللر شمع بولدیلر خلایق مثل پروانه
قبلب اعلان استقلال قورولدی ملی دورانه ❀ توراذ ایردی عساکر صف توزوب میدانده مردانه
اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
براریوزپای توپ آتیب ملی کوك بایراقنی اسدیلر ❀ اوقوب مکتبلیلر شرقیسنی دیللرنی آچدیلر
منافق دینی سستلر اویلانیب حسرتده قالدیلر ❀ نمایش حکمتینی بلدیلر آخر اویالدیلر —
اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
بولوب هیئت رئیسی حاجی ثابت عقل کاملدن ❀ ینه عدلیه غه حاجی ظریف اهلی عدالتدن
که اوقاف ناظری اول حاجی شمس الدین افاضلدن ❀ مفتش حاجی اعلم بولدی اوز کاریغه عاملدن
اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
معارف ناظری مخدوم تجارت ابولحسن حاجی ❀ ینه ایچکاري ایشلر ناظري یونس سعید حاجی
علی آخون بولوب مالیه غه ضحیه غه خانی ❀ بولوب هیچ قالمدی ملتنی آرمانی
اوتوب دوري اسیزي دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال" باشلاندی
دعا آیلاب یانیب برچه حیت کاهغه یغلدیلر ❀ هجوم آیلاب خلایق است اوستلرغه تقلدیلر
مجاهدلر کلیب صف تارتیبان برابر تزیلدیلر ❀ بلند آواز برلن باش وکیل سوزغه کریشدیلر
اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
دیدی یورتداشلرم بوکون اسارتدن قوتولغان کون ❀ بوکون کلفتده چکقان آهیمز تنکریغه یتکان کون
بو کون ایرکن بولوب ملت حکومت قولغه کرگان کون ❀ مجاهدلر وطندن دشمان ایلکینی قوروتغان کون
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
بو کون محکومیتدن حاکمیتغه قدم باسدوق ❀ آچلدی باب رحمت بخت نصرتلی علم آسدق
یقلماس هم یوقالماس شانلی شوکتغه قدم باسدق ❀ آلیب عبرت بو کوندن غالبیتغه قدم باسدق



اوتوب دوري اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
یلنك بر نیچه یللرکتدی دولت جاهلیتدن ❀ بیلنك محکومیتنی یخشی کوردوك حاکمیتدن
یتوشدی ظلم کلفت پست طبیعت غیر ملتدن ❀ چقاردی اوزکالر بزنی قشار آدمیتدن
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
کلبنك دینداشلرم ملتکه خدمت آیلانکز ایمدی ❀ وطن نی ساقلامق غه تنهاین غیرت قیلنك ایمدی
ایا زاهد صفتلر ترك ایتب خلوت چقنك ایمدی ❀ اولوغ ایرکن حکومت قدرینی بولکون بیلینك ایمدی
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
تمام ایلاب سوزینی قبله غه باقیب دعا قلدی ❀ تمنی آیلادی یغلاب الهی ربنا دیدی
بو یولده بر نیچه ایرلر سنکا جانلر فدا قلدی ❀ عنایت آیلاغل آنلرغه دیب حدسز رجا قلدی
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی

طوغرول رحیمی.

## آلتای تاغلری

آلتای تاغلری چیچاکلر آچار ❀ آلتون کموش اوردوسر مه‌لر ساچار
بوزیلمش خطایلر ییل کبی قاچار ❀ ارسلان یکتلر قوغلاب آط چاپار
قدر بویله ایمیش ای غریب آنه ❀ قانم فدا بولسون بویله وطنه
من بر تورکوم اولمك ایسته‌رم ❀ دنیایه حاکم بولمق ایسته‌رم
اکر شهید اولور ایسه‌م ❀ جنت بولور مینم یریم
قدر بویله ایمیش آی غریب آنه ❀ قانم فدا بولسون بویله وطنه
آلتای تاغلري قار سو تاغلری ❀ شهید اولانلری آناسی آغلر
آناسز یتیملر یوللره باقار ❀ محزون کوزلری یوره‌کنی یاقار
آلتای تاغلرنده کویدم سیجانده ❀ دونار دولاشیرم منتق قوجاقده
دوشمن جاین ایزلاب اختاریب ❀ تنهای تونده کونده هر یاقده
قدر بویله ایمیش ای غریب آنه ❀ قانم فدا بولسون بویله وطنه

محمود ندیم

## غیرتلی باتور:

غیرتلی باتور❀ دوشمان سرّی یور❀ تویبه وطنده ❀ ظالملری سوز ❀ تورلی الملر ❀ چکدیک یرانلر سانسزستملر ❀ قیلدی یمانلر ❀ ایلینکنی ایزدی ❀ یورتنکنی بوزدی ❀ اهل عیالینک ❀ غربتده یوردی ناحق سالنغان ❀ باج ایله آلوان ❀ بایلیقلرینکنی ❀ فیلمشدی تالان ❀ شوردی زولوکدیک ❀ قانینکنی سوندیک حسرتلر آیلاب ❀ زرد آینی یوتدیک ❀ آه فغانلار ❀ چیقدی فلکغه ❀ اورلاب یتوشدی ❀ معصوم ملکغه وحشت سوزولدی ❀ اتمیش بل اولدی ❀ مجروح یوره‌کلر ❀ قانلرغه تولدی ❀ بتدی چیده‌ملر ❀ خوزغالدی ایرلر ازولدی ایمدی ❀ تیمور کیشانلر ❀ ای شانلی ملت ❀ آتینکنی اوینات ❀ ملتقنی تولدور ❀ اوزینکنی آنکلات ایلکارزی آتلا ❀ رحم ایتمه اصلا ❀ آلدانماغیل هیچ ❀ یورتینکنی ساقلا ❀ بیضا قلیچنی ❀ قیندن سوغورغیل آل ایمدی اوچنی ❀ توغراپ قلم قیل ❀ تورکنینک اوچاقی ❀ اوچماس چراغی ❀ هرکیز براشماس برتغوچ سوراغی تونکان خطایلر ❀ یورتینکنی چاغلر ❀ حاکملق آیلاب ❀ ایزمقنی خاهلر ❀ تنج تورسه تورن ❀ بولماسه کیتسون کانسوغه باریب ❀ حکمین یوریتسون ❀ دردلی وطنداش ❀ حق سینکه یولباش ❀ ایمان پاکینک ❀ قلبنکده یولداش اولکان شهیددور ❀ جایی بهشتدور ❀ قالغانله غازی ❀ تینکریم سوزیدور ❀ قرآن اوقورلر ❀ یاد ایله یورلر اولادلرینک هیچ ❀ اونوتمایدورلر ❀ تنکریم مددقیل ❀ نصرت کرم قیل ❀ جانبازلق ایتکان ❀ ایرنی شاد قیل، ای صوفیزاده ❀ بولغیل دعاده ❀ یولداشلرینک هپ ❀ یتسون مراده ❀

## یورت خبرلری

### عثمان علی بیک نمیشقه هم قانداغ توتیلغان

عثمان علی بیک ایله نوشمت ، شریعتکه بویون آیکمای حکومتغه اطاعت ایتمای ، اوزباشیچه بولوب دولتغه قاراشلیق یاراغ ، مال اشیالرنی باسیب آلیب یولنی توسوب یولچیلرغه ، کاروانلرغه ظلم و تعدی قیلب تنجلقنی بوزغان ایدی . حکومت طرفندن قلنغان نصیحت و تنبیه‌لرغه التفات قلمدی . بناً علیه آوّل باغیلرنی تونشغه ناظرلر هیئتی توختام قلدی .

باش وکالت‌نینک فرمانی برلن بوندن ۷ نجی شعبان یکشنبه کون چقدیم . مینک یولده قونوب ، کینجه مینک باشینی عفونامه برلن بردانه قرآن حکیم بیریب یوللادیم . بوندن بالدور شهردن برقاتار مذکور کینجه مینکباشیقی یبارغان ایردیم ، عثمان علی بیک ، بزنی ایلچیمزنی یخشی قبول ایتیب عزت و حرمت برلن یاندوز



قان ایدی ، ایکنجی باریشده کینجه مینکباشی هنوز یولده ایکان ، عثمان علی بیک‌نینک یولده‌غی ساقچیلری بزکه اوق آتیب اوت اچدی ، بولرنینک بول حرکتیدن بزکومانغه قالیب عثمان علی بیک بزغه حیله‌چیلق قلغانلقی سزیلدی ، شونینک اوچون توغری چونک یولنی قالدروب ، قارانغولقنینک اوستی قزیل اوینی یوقاری طرفندن کان سووی موضعیدن توسوب چقدیم ، بزیتیب بارغونچه‌لق ، اول یرده‌غی بعضی بولانکچی طمع خورلرنی سوزی برلن غانجوغان پاشاسی قاچشغه اولکورکان ایکان . اوزاقدن قاره بولوت‌کبی کیلیب تورغان عسکرلرنی کورارکورماس یویقه کیم برلن حتی - توماقینی الشغه وقتی یتمای ، مشرب داوانیغه قاراب یول سالغان پاشانی قاچوروب خزینه‌لرینی تالان بولان قلش خیالنده تورغانلرنی محاصره قلیب ، حکومتغه قاراشلی تمام نرسه‌لرنی یازدیروب برمونچه عسکرنی قالدیریب عثمان علی بیک‌نی قولاب کینیدن یوردوم ایکنجی کونده مشرب داوانی‌نینک غربی طرفده ، اوق سولوده یکرمه اوچ نفر عسکرلری برلن قولغه آلدیم .

اوست کیمی یویقه ایکان درحال پوستونیمنی سالیب اوستیغه یاپیب توماقنی کیکزیب ، اون اوق برلن اوقلانیغلق تاپانچه بیریب تاقدیریب قویدوم قوش محمد فانصدنی تاپانچه‌سینی آلمدیم ، عثمان پاشاغه یوز ایلینک سر پول بردیم اوزینک هم عائله‌لرینک بیش صندوقده‌غی قمت بها نرسه‌لرینی تاپشوردوم - تورت کیلام ۱۰ دانه تاوار کوریه ، اون بیش تاغار کورونج اون بیش تغار اون بردیم ، عثمان علی بیک‌نی اوکاسی شهید ار باتورنینک عائله‌سیغه - بر قاره اوي ۲ دانه کیلام سکز دانه تاوار کوریه بردیم - عدی‌نینک اوغلیکه بر آط ، اوکاسینک اوغلیکه بر اط بردیم یولده - تنجلق اسایشلرنی جایلاشدردم - عثمان علی بیک‌نی عزت حرمت برلن کیلتوروب باش وکالت‌غه تاپشوردوم - فخری - ساقچیلر برلن حرمت برلن تنج یاشامقده دور

## مرکز قومندانی: یوسف جان

### وکیل عبداللطیف افندینک تشریفی

۱۰ نجي شعبانده - رئیس جمهور حضرتلرینک حضور عالیلریندن عالی یارلقلر برلن محترم وکیل عبداللطیف افندی باش وکالت‌غه تشریف بیوردیلر ، مذکور افندینک تشریفی مناسبتیله باش وکالتده قومندانلرنینک فوق العاده مجلسلری بولدی ، آرته‌سی محترم وکیل افندی یانکی شهرغه چقیب آنده توقیف ایتلغانلقی صیپلی تونکانلر ایله یانکیدن سوغوش باشلاندی .

ملی ایجاد .. برلی هنرچیلریمزدن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

محمد آخون طاهر زاده‌نیك ایشلاب چقازغان یاغاچ مطبعه‌سی ایشکه کیرشدی ، مطبعه معارف نظارتی‌نیك بناسنده دور . حاضرده . مکتب درسلك‌لری باسش ایله مشغول‌دوز . تورلی بیورتمه‌لر قبول قلشغه تیار . مطبعه معارف نظارتنده اوزون مدت معطل تورغان . شولتوغریده طاهرزاده استقلال جمعیتیغه معلومات بیریب جمعیتدن یاردم سوراغان ایدی شول مناسبت برلن جمعیت ، مطبعه‌نی اوزینی قاراماغیده یورغوزشغه حاضرلق کورمقده ایدی ، انکلاساق معارف نظارتی مطبعه‌نی ایشقه کرغیزیبدور بونیك اوچون . ملی مطبعه‌نی استقلال جمعیتی‌نیك قاراماغیکه الیش مسئله‌سینی موقت توختاتلدی .

**ملی امانت غالادانی بانکه‌سی :** شرقی ترکستان تجارت و زراعت نظارتی‌نیك یانیده « ملی امانت غالادانی » بانکه اچیلدی ، بانکه‌غه مدیر بولوب احمد اخوند مؤمن‌زاده تعینلاندی . کوپدن بیری شونداغ ملی بانکه‌غه احتیاج بیك زور ئیدی . خصوصاً سوداکرلریمزنیك اشلرینی آسانلاشدیرماقغه ملی بانکه‌نیك اهمیتی بیوکدور .

**آندن بوندن** بعضی مهم مذاکره‌لر اوچون آقسوغه کیتقان مالیه‌ناظری محترم علی‌اخوندبای جنابلرنی ، سعادتلو غازی آتامزنیك ذات شاهانه لری طرفندن بیوك احترام عالی التفاتلرغه مظهر بولوب ۱۷ نجی رمضان ده کاشغرغه تشریف بیردیلر ❀ باش وکالت اداره‌سیغه ایشلر مدیری بولوب محمدرضا خان تعینلانمشدور .

**عالی همتلر .** مرکز قومندانی یوسف‌جان غازی . حکومت طرفندن بریلگان آیلقندن یته‌دن بربولا کینی الیب قلغان الغی بریم بولا یبی مجاهدلرنیك فائده‌سیغه بردی . مرکز قومندانی معاونی سید قدرت‌الله خان افندی آلتینی بیشدن برینی الیب قالغان ٤ . بولاکینی مجاهدلرنیك فائده‌سیغه تاپشوردی . خدای تعالی نیت یولده ، کیچینی عمرینی جانینی مالینی فدا قلغوچی عالی همت جوانمرد باتورلریمز ایسان بولسونلر .

**تجارت نظارتیغه :** ایشلر مدیری بولوب افچوره اوغلی یوسف مظفر بیك تعینلنمشدور .

**خصوصی علاوه یوقاتیلدی .** خارجی‌دولتلرنیك سودا وکیللری برلن موندن کین هیچ بر سودا گر خصوصی علاقه قلمیدور . موندن کین بولغوسی سوداعلاقه لری حکومت ارقالی . تجارت و زراعت نظارتی طرفندن بولادور . دیمك سوداکرلریمز بو خصوصده تجارت نظارتیغه مراجعت قلورلر . وزباشیچه علاقه قلغان کشی جوابکر بولور دیب ناظرلر هیئتی توختام قلمشدور .

بلدریش : محترم اوقوغوچیلرغزغه بلدیره‌مزکه ، مجموعه‌مزنیك کیلگوسی اوچونجی سانی . بیوك باتور . رئیس جمهور غازی آتامز خواجم نیاز حاجم حضرتلریغه بغیشلانیب چقادور .

## تــوزاتیــش

نظارتلرنیك ایکی شعبه‌که تقسیماتی حقنده ، مطبعه کتجلیقی بولوب اوشبو یانکلشلرنی . توزاتیب اوقیلسون !

۱ ـ . . . ماده‌که . . « ملی مدافعه هم اقتصاد نظارتلری » ، حربیه ، خارجیه ، مالیه ، هم تجارت . صناعت . زراعت .

۲ ـ . . ماده‌که . . « اداره هم مدنی نظارتلر » ، داخلیه ، دینیه . عدلیه ، معارف ، اوقاف هم حفظ صحت .

## استقلال جمعیتی‌نیك علمی هیئتی طرفندن

مجموعه‌مزده . حکومت اسلامیه‌مزغه بغیشلانغان قورولوش نظامنامه‌سی درج ایتیلدی ، نظامنامه‌ده ، نظارتلرغه برموتچه نظام قانونلر یوکلاتیلدی ، حکومتمز ترکلارنیك آتابابادن قالغان خلقچیلق مصلحتچیلق اساسیغه قورولوب توزادور . بزنیك لائحه‌لریمزده بیوك کیمچیلکلر بارلقی طبیعیدور ، لکن ملت مجلسی ، حکومتمز بونلرنی کوروب تنقید تصحیح و تکمیل قلورلر البته ، هیئت بونی بیلب توروغلوق . یالغوز ملتکه خدمت قتارنده تکلیف قلور .

احترام ایله علمی هیئت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

تشکر قلورمز : مجموعه‌مزنیك اوشبو سانلرینی وجودغه چقاریشده بیوك خذمت قلغان مطبعه خادملری ، محمودخان افندی ایله جمال‌خان افندیلردن منتدارمز - کیلغوسی سانلرنی اوز وقتیده اولکورتدروب بریشلریغه ایشانه‌مز.

اعتذار : مجموعه‌مز رسملی بولوب چقماقچی ایدی ، مطبعه‌ده سینکوغرافیه بولماغانلقی توغرالو تیارلانغان رسملر قالدیریلدی .

---

## ایرکین ترکستان

هفته‌ده برقاتار چقادورغان دینی ملی سیاسی " ایرکین ترکستان " غزیته‌سیغه آبونه دفتری هرقاچان آچوقدور ، غزیته‌نیك دوامی ترقی و تعالیسی اوچون مشتری بولوب یازیلیش هربر وطنداشنیك بورجیدور .

---

## ( استقلال )

ایکی هفته‌ده برقاتار تارقالادورغان دینی ملی علمی سیاسی اجتماعی ادبی اخلاقی تنقیدی " استقلال " مجموعه‌سیغه مشتری بولوب یازیلمشغه

آلدورانکیز ! آلدورانکیز !

یللقی ۲۰ - سر ، آلته آیلقی ۱۱ - سر ، اوچ آیلقی ٦ - سر .

هربر سانی برسر - خارج اوچون پوشته حقی آلنماس .

---

مراجعت اوچون ادریس : کاشغر یارباغ - ملی استقلال مجموعه‌سینك اداره‌سی

*Kashgar. Swedish Mission Press.*

# «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» غا رەددىيە

چيەن بوچۈەن

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرگىز بۈگۈنكى كۈننىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىر مەھەل ئەسەبىيلەشكەن، ھەتتا ئەدەپ كەتكەنىدى. 30 - يىللاردا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تۆرەلدۈرگەن ۋە بالا تاشلىۋەتكەن غەلىتە تۆرەلمە ئىدى. بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى — مۇھەممەت ئىمىن (بۇغرا) سىيى ئۆزىدىن ئۆچىغا چىققان مىللىي بۆلگۈنچى ئىدى.

## 1. مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەكسىيەتچىل، تەرجىمھالى

مۇھەممەت ئىمىن شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىن، ياش ۋاقتىدا پانتۈركىزملىق، ۋە پانئىسلامىزملىق تەربىيە ئالغان، كېيىن يەنە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىغا سېتىلغان ۋە ئۇنى شۇلار باققان.

مىللىتارىست جىن شۇرېننىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پۇرسەت كەلدى، دەپ ھېسابلاپ، مۇھەممەت ئىمىننى بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۈشكۈرتتى. مۇھەممەت ئىمىن ئەتراپىغا شېرىك توپلاپ، ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ مەخپىي كۆرسەتمىسى بويىچە، جىن شۇرېن ھىندىستاندىن سېتىۋالغان بىر قىسىم ھەربىي قوراللارنى توشۇپ ماڭغانلارنى توسۇپ ۋە بۇ قوراللارنى بۇلاپ، قارا قاشتا غەلىيان كۆتۈردى، ئارقىدىن خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنى «خوتەن خانى» دەپ ئاتىدى. يەنە ئىلگىرىلەپ گۇما، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، قەشقەر كونىشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇھەممەت ئىمىننىڭ قۇراشتۇرۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. قورچاق ھۆكۈمەت مۇھەممەت ئىمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسىنى، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ۋە ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان بۇ رەزىل كومېدىيىدە مۇھەممەت ئىمىن بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ «چوڭ تۆھپە» ياراتتى.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىجرا قىلغان فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىنتايىن تارمەھكەمچى، ئەكسىيەتچى ۋە ئەشەددىي مىللىي بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئىدى. ئۇ تۈزگەن ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسىدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» «مەڭگۈ مۇستەقىل» دۆلەت دەپ بەلگىلىدى، «تۈركىي مىللەتلەردىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم» دەپ جار سالدى. بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا تۇرغۇن بىگۇناھ خەنزۇلار، خۇيزۇلار ۋە باشقا مىللەت ئاھالىلىرى ئېغىر زىيانكەشلىككە ۋە رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى.

ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىرىن چۈشى ئۇزاققا بارماي، ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى. 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خۇيزۇ مىللىتارىست ماجۇڭيىڭ خەنزۇ مىللىتارىست شېڭ شىسەي بىلەن بولغان كۈرەشتە يېڭىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى يىمىرىلدى، مۇھەممەت ئىمىن ئالدىراپ - تېنەپ خوتەنگە قېچىپ بېرىپ، ئۆز ئالدىغا يەنە بىر «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى تىكلەپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. ئۇزاق ئۆتمەي، ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسمى خوتەننى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىككىنە مىللىي بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتمۇ كۈنى كۆككە سورۇلدى. مۇھەممەت ئىمىن ئالدىراپ - تېنەپ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىسى — ھىندىستانغا قېچىپ، ئۇزۇن مۇددەت چەت ئەللىك خوجايىنىنىڭ خەيرى - ساخاۋىتىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزدى، ئۇ سەرگەردان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە بارلىق زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئۈچۈن داۋاملىق جامائەت پىكرى تەييارلىماقچى بولدى.

## 2. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى يېزىشتىكى جىنايى مەقسىتى

مۇھەممەت ئىمىن بۇ كىتابنى شۇنچە ئىشتىياق بىلەن يېزىپ چىقىشتا ئۇ مەشھۇر ئالىم بولۇشنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي سىياسىي مەقسەتنى كۆزلىگەن. ئۇ بۇ كىتابنىڭ «كىرىش سۆزى»نىڭ بېشىدىلا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەختكە قارشى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تۇرغۇن شەرەپلىك تارىخىنى، تىللاردا داستان قىلىنىۋەدەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئىش - ئىزلىرىنى ۋە ئۆتمۈشتىكى دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ قېلىپ، تۈركىستاننىڭ تارىختا مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ.» دېمەك ئۇ بۇ كىتابىدا تۈركىستان (شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ) قەدىمدىن تارتىپ «مۇستەقىل» دۆلەت ئىدى، دەپ داۋراڭ سالغان. ئارقىدىن يەنە: «شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مىللىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، دۇنيادا ئەڭ ئورنى بار،

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئەڭ تۆھپە قوشقان مىللەت» دەپ جار سالغان. ئاندىن مۇھەممەت ئىمىن مۇقامىنى ئۆزگەرتىپ، قايغۇرغان هالدا مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركىستانلىقلار ئىقتىسادىي جەھەتتىلا ئەمەس، سىياسىي جەھەتتىمۇ ئاسارەت ۋە زۇلۇم ئاستىدا قالغان، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ مىللەتنى يوقىتىۋېتىش غەرىزى پەيدا بولۇپ، تۈركىستاننىڭ تارىخى يوق قىلىنىپ ئۆچۈرۈۋېتىلدى. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن رايون قارانىيەتلەر ئەرپىدىن بېسىۋېلىندى.»

دېمەك، ئۇ بۇ كىتابىدا يات مىللەتلەر (ئاساسەن خەنزۇلارنى كۆزدە تۇتىدۇ) نىڭ تۈركلەرگە قىلغان «ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە سىياسىي زۇلۇمى» نى پاش قىلىپ، يات دۆلەت (جۇڭگونى دېمەكچى) نىڭ شىنجاڭغا «تاجاۋۇز» قىلغانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلماقچى بولغان. ئاخىرىدا ئۇ ئېنىق قىلىپ: «بۈگۈندىن كېيىن بۇ كىتاب ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭىنى ئۈستۈرۈش، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداپ قېلىشتا بىر ئۇلۇش كۈچ بولالىسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئىپتىخارلىق ئىش بولاتتى.» دېگەن. دېمەك ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى غەرىزى — ئۆز مىللىتىنىڭ ۋەتەننى (بۈلۈنگەن ۋە مۇستەقىل بولغان شىنجاڭنى دېمەكچى) سۆيۈش، مىللەتنىڭ هاياتىنى قوغداش (شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ «ئازادلىقى»نى قولغا كەلتۈرۈش) «ئاڭلىقلىقى» ۋە «ئاكتىپلىقى» نى ئۈستۈرۈش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

قىسقىسى، مۇھەممەت ئىمىن بۇرۇن قولغا قورال ئېلىپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى «بەرپا قىلىپ»، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن شاپاشلىغان بولسا، قورالنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىنمۇ، قولغا قەلەم ئېلىپ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى يېزىپ، يەنە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. گەرچە شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ماھىيىتى تامامەن بىردەك.

## 3. «پانتۈركىزم» تەرغىب قىلىنغان

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابتا مۇھەممەت ئىمىن «پانتۈركىزم» ئۇقتىشنە زەھەرنى كۈچەپ تەرغىب قىلغان.

بىرىنچىدىن، مۇھەممەت ئىمىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئورنىنى غەرەزلىك هالدا يۇقىرى كۆتۈرگەن، ئۇ كىتابىنىڭ «كىرىش سۆزى» دە مۇنداق دېگەن: «هازىرقى زامان ئەسەرلىرىدە ئېتىراپ قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىن ئەزەلدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ماكانى... تۈركلەرنىڭ رايونى ۋە يۇرتى ھەممە دۇنيا بويىچە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى.» شۇ پاراگرافتا ئۇ يەنە: «تۈركىستاندىكى تۈرك مىللىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، دۇنيادا ئەڭ ئورنى بار، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشقان مىللەت» دېگەن. باشقىلارنى ئۆزىنىڭ سەپسەتىسىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ تارىخ ئۇيدۇرۇپ چىقىپ، «مىسىرنىڭ يېزىق شەكلى بىلەن قالدۇرغان مەلۇماتلىرىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مىسىرنىڭ تارىخىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا سۈرۈشكە بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. هالبۇكى، مىسىرنىڭ يازما مەلۇماتلىرىدا بايان قىلىنغان تۈركلەرنىڭ يىراق قەدىم زاماندىكى تارىخى مىسىرلىقلارنىڭكىدىن 5000 يىل بۇرۇن» دەپ جۆيلىگەن، ئۇ بۇ يەردە مىسىرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى 6000 يىلدىن كۆپرەك بولغان بولسا، تۈركلەرنىڭ 11 مىڭ يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخى بار، دېمەكچى. مول ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تۈركلەرنىڭ VII ئەسىردە يېزىق ئىجاد قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن مۇھەممەت ئىمىن كىتابىنىڭ «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يېزىقى» دېگەن پاراگرافىدا ئىزا تارتماي لاپ ئۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كۆچۈش دەۋرىدىن بۇرۇنلا يېزىقى بار ئىدى.» ئۇ كىتابىنىڭ «تۈركلەرنىڭ كۆچۈش دەۋرى ۋە بۇ دەۋردىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان» دېگەن پاراگرافىدا، تۈركلەر بۈگۈنكىدىن 9000 يىل بۇرۇن كۆچۈش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، دەيدۇ، ئاۋادا مۇشۇنداق بولسا، تۈركلەر بۈگۈنكىدىن 9000 يىل بۇرۇنلا يېزىق ئىجاد قىلغان بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇھەممەت ئىمىن تۈرك دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى غەرەزلىك هالدا كېڭەيتكەن، ئۇ كىتابىنىڭ «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ تارىخىي خاتىرىلەر تۈركلەر ۋەتىنىنىڭ چېگرىسىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يەنى تۈركلەر ۋەتىنىنىڭ چېگرىسى غەربتە شىمالىي دېڭىزغىچە، شىمالدا ئاتاسقىچە، شەرقتە ياپون دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا خۇاڭخې دەرياسى ھەمدە قاراقۇل چۆلىگىچە بارىدۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەڭ رايونلار تۈركلەرنىڭ زېمىنىدۇر، تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ زېمىندا تۈركلەردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇمات چىقمايدۇ، يېقىنقى زامان ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى ئاسىيا قىتئەسىدۇر، ئۇ غەربتە شىمالىي دېڭىز، قىزىل دېڭىز، قارا دېڭىز ۋە ياۋروپاغا، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانغا، شەرقتە تىنچ ئوكيانغا، جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغا تۇتاشقان. ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى، ئۇ يەردە تۈركلەردىن باشقا مىللەتلەر بولمىغان دېيىش — ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىرلىغانلىق، مۇھەممەت ئىمىن ئامىمنى ئالداش ئۈچۈن ھەتتا ئەڭ ئەقەللىي تارىخىي بىلىم ۋە جۇغراپىيىنى ئوقۇمىسىمۇ تىلغا ئالمىغان!

مۇھەممەت ئىمىننىڭ «تۈرك مىللىتى» نى شۇنچە كۆككە

كۆتۈرۈپ، «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» نىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىكى مەقسىتى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈشتەك غۇرۇرىدىن پايدىلىنىپ، بۇنداق نورمال مىللىي ھېسسىياتنى قەستەن ئۇيۇق يولغا باشلاپ، ئۇنى ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ئىلمايدىغان، ئۆزىنىلا قالتىس چاغلايدىغان چوڭچىلىق سەۋداسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن بۇ خىل مىللىي چوڭچىلىق سەۋداسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك غەرىزىگە يېتىشكە، ھەتتا بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش شىرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىغا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز لازىم، تارىخىي تەجرىبىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ، گىتلېرمۇ شۇنداق قىلغانىدى، گىتلېر نېمىس مىللىتى دۇنيا بويىچە ئېسىل مىللەت، يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى پەس مىللەت دېگەننى كۆچەپ تەرغىب قىلىپ، غەرەزلىك ھالدا مىللىي چوڭچىلىق سەۋداسىنى قوزغاپ، فاشىستىك ئەسەبىي كەيپىياتنى ئۇرغۇتۇپ، «3 - ئىمپېرىيە» نى قۇرۇپ، سىرتقا قارىتا غالجىرلارچە تاجاۋۇز قىلىپ، يەھۇدىيلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى قىردى. ئاخىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ناۋادا مۇۋاپىق خەلقئارا شارائىت ۋە سىياسىي كىلىمات بولسا، مۇھەممەت ئىمىننىڭ گويپاڭچى ئەۋلادلىرىمۇ گىتلېرغا ئوخشاش ئىشنى قىلىدۇ.

## 4. «مۇستەقىل بولۇش» نى تەرغىب قىلىپ «بۆلگۈنچىلىك» نى مەدھىيىلىگەن

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە تارىخىي ئاساس تېپىپ بېرىش ئۈچۈن، مۇھەممەت ئىمىن يازما يادىكارلىقلاردىكى ھەقىقىي مەلۇماتلارغا قارىماي، «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى» دېگەن سەپسەتىنى كۆچەپ تەرغىب قىلغان. ئۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەسەر شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى) نىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.» «بەختكە قارشى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تۇرغۇن شەرەپلىك تارىخىنى بىلمەيدۇ.. تۈركىستاننىڭ تارىختا مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ.» مۇشۇنداق بۆلگۈنچىلىك مەيدانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇھەممەت ئىمىن تۈركلەرنىڭ، تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھونلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ يېقىن قوۋمى ئۇيغۇر (خۇيخې) لارنىڭ شۇنداقلا ئۇزاق قەدىمكى زاماندا تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ياشىغان تۇرغۇن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ قەدىمكى شىمال مىللەتلىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتلەر قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. پۈرسەت بولسىلا، ئۇ بۇ مىللەتلەر قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى «مۇستەقىل دۆلەت» ئىدى، ئۇلار قەدىمكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىدى دېگەننى تەكىتلىگەن، ھەتتا بۇ دۆلەتلەرنى «جۇڭگو» بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى قىلىپ قويغان. ئالايلۇق، ئۇ كىتابىنىڭ «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» دېگەن پاراگرافىدا «شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى)، غەربىي تۈركىستان (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى دېمەكچى) تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» دېگەن. «ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلى» دېگەن پاراگرافىدا يەنە: «شەرقىي تۈركىستاندا 19 مۇستەقىل دۆلەت بولغان» دېگەن. ئارقىدىنلا ئۇ بۇ 19 دۆلەتنىڭ قانداق قىلىپ «ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى دۆلەت بولۇپ بىرلەشكەنلىكىنى ئىزاھلىغان، ئاندىن ئۇ: «بۇ ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتى پۈتۈنلەي مۇستەقىل، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى» دېگەن. ئۇ ھەتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى تارىخنى توغرىسىدىمۇ كۆزىنى يۇمۇپلا قارىسىغا سۆزلەپ، ئىشەنچلىك تەلەپپۇز بىلەن: «(چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى) ھىجرىيە 1240 - يىلى (مىلادىيە 1824 - يىلى) جاھانگىر خوجىنى ئەسىر ئېلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىپ، ھىجرىيە 1241 - يىلى (1825 - يىلى) ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمما جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى يەنىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ پادىشاھى بولۇپ، داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بەلكى جۇڭگو قوشۇنلىرى خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئىلگىرىلىيەلمىدى، خەلق جۇڭگو قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەھۋالدا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالدى» دېگەن. پۈتۈن كىتابقا نەزەر سالساق، پۇرسەت بولسىلا ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى چوڭ - كىچىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل دۆلەت ئىدى، دېگەننى تەرغىب قىلىپ، ھەممىلا جايدا «مۇستەقىللىق»، «مۇستەقىللىق» دەپ جار سېلىپ، شۇ ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك داۋرىڭىنى كۆچەيتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

مۇھەممەت ئىمىن شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغاندا، بۇ، جۇڭگونىڭ «شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى» دەپ جىنىنىڭ بارىچە تۆھمەت قىلغان ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋاقتىنى ئىلاج قىلىپ قىسقارتىشقا ئۇرۇنغان. ئۇ كىتابىنىڭ «جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئۈچىنچى قېتىم بېسىپ كىرىشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «جاڭ چيەن مىلادىيىدىن 59 يىل بۇرۇن روران، قۇچۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇب قىلىپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قارا شەھەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق 36 دۆلەتكە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە بېسىۋالدى. جۇڭگو پادىشاھى جاڭ چيەننى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئۇرلى (جېدىر) شەھرىنى ۋالىي تۇرىدىغان جاي قىلىپ تاللىدى. جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان ۋاقتى جەمئىي 49 يىل بولغان.» ھازىرچە يۇقىرىدىكى ئابزاس سۆزدىكى تارىخىي پاكىتلارنىڭ خاتالىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكىرىدىكى مەركىزىي خاندانلىقلار بىلەن بىرلىككە كەلگەن ۋاقتىغا كەلسەك، غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچە بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن تارتىپ، شىمالىي لياڭ خانلىقى غەربىي يۇرتنى ۋەكالىتەن ئىدارە قىلغانغا قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 500 يىل ئۆتكەن، مۇھەممەت ئىمىن بولسا «جەمئىي 49 يىل» دەپ توپتوغرا ئۇنىڭدىن تۆت ئۈلۈش قىسمىنى قىسقارتىۋەتكەن! يەنە ئالايلۇق، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تالاس جېڭىدە مەغلۇب بولغانلىقىنى ـ ھەۋەس بىلەن تەسۋىرلىگەن، ئۇ كىتابىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئۇنىڭ مىڭ يىلغىچە جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ مۇسلىم گاۋشيەنجىنىڭ ئىنسانىيەتسىزلىك قىلمىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 734 - يىلى زىيادنى خۇراسان ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ، زور قوشۇننى باشلاپ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، گاۋشيەنجى قارلۇق ۋە باشقا تۈرك قوشۇنلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ ئۇسۇپ زەربە بەردى. ئىككى قوشۇن تالاس شەھىرى ئەتراپىدا ئېلىشتى، سەككىز يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغان تۈرك قوشۇنلىرى، بۇ چاغدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگو قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى، گاۋشيەنجى بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. جۇڭگو قوشۇنى ئالدى ۋە كەينىدىن زەربىگە ئۇچراپ، پۈتۈنلەي يوقىتىلدى... تۈركلەر جۇڭگونىڭ تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگونىڭ تۈركىستاننى بېسىۋالغان كۈچلىرىنى تازىلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەرياندا جۇڭگونىڭ قوراللىق كۈچلىرى شەرقىي تۈركىستانغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلالمىدى. تاكى ھىجرىيە 1172 - يىلغا قەدەر، تۈركىستان خەلقى جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ، بەختىيار، خاتىرجەم ياشىدى.» (ھىجرىيە 134 - يىلى مىلادى 751 - يىلى، ھىجرىيە 1172 - يىلى مىلادى 1758 - يىلنى كۆرسىتىدۇ) يۇقىرىقى سۆزدە مۇھەممەت ئىمىن تالاس ئۇرۇشىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان «مۇستەقىل ئىدى» دەپ كېسىپ ئېيتقان، ئەمەلىي ئەھۋال زادى قانداق؟ ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچە بەگ مەھكىمىسى جېنيۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 787 - يىل) غىچە، بېشبالىق قورۇقچە بەگ مەھكىمىسى جېنيۈەننىڭ 7 - يىلى (مىلادى 791 - يىلى) غىچە مەۋجۇت بولغان. ئارقىدىن ئۇيغۇرخانلىقى (ئۇرخۇن ئۇيغۇرخانلىقى ـ ت) مىلادى 840 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئارقىدىن يەنە قوچو ئۇيغۇرخانلىقى، گۇسەن ئۇيغۇر دۆلىتى، قاراخانىيلار سۇلالىسى، قىتانلار قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەۋجۇت بولغان. ئەجەبا، ئۇيغۇر (خۇيخې) لار بىلەن قىتانلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى ئەمەسمىكەن؟ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل خانلىقى، چىڭگىزخان سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن زېمىندا قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقى، ئوگداي خانلىقى، قىپچاق خانلىقلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقى تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە داۋاملاشقان. ئەجەبا، موڭغۇللار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللىتى ئەمەسمىكەن؟ جۇڭگونىڭ بۇ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ پولاتتەك پاكىتى ئەمەسمۇ؟

بۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەت ئىمىن كىتابىنىڭ «بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب (جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىنى دېمەكچى) تىن ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب (ۋەلىخاننىڭ توپىلىڭىنى دېمەكچى) قىچە بولغان 50 يىل جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن پاراگرافىدا گەپتىن گەپ چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ يەرلىك مىللىي بۆلگۈنچى ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېگەن: «شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى ئەركىن مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئەركىن، ئازاد تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش.» بۇ، مۇھەممەت ئىمىندىن ئىبارەت كونا ماركىلىق مىللىي بۆلگۈنچىنىڭ ئاتالمىش «ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى» بولۇپلا قالماي، شىنجاڭدا يېقىندىن بېرى پەيدا بولغان بارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭمۇ «ھەرىكەت نىشانى.»

(ئاخىرى گېزىتىمىزنىڭ ئەتىكى سانىنىڭ 5 - بېتىدە)



(بېشى گېزىتىمىزنىڭ تۈنۈگۈنكى سانىنىڭ 5 - بېتىدە)

## 5. شىنجاڭنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىگە «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ تۆھمەت قىلغان

مۇھەممەت ئىمىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگوغا چىش ئىرنىقىغىچە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇ كىتابىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو ئەسلىدىنلا شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ 3000 يىللىق دۈشمىنى ئىدى.» «قەدىمكى تۈركلەر ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىتى ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن پاراگرافىدا مەسخىرە ئارىلاش مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو تەرەپ گەرچە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغارلىقىنى، سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى دائىم كۆككە كۆتۈرسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ سىياسىتى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە.» ئۇ ھەتتا كىتابىنىڭ مەخسۇس ئاجراتقان بىر پاراگرافىغا «جۇڭگونىڭ سىياسىتى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە، ئىنسانىيەتسىز، ھىيلە-گەرلىك سىياسەت» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، جۇڭگوغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئەڭ زەھەر خەندىلىك سۆزلەر بىلەن قارغاپ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو كۈچەيگەن ياكى ئاجىزلاشقان مەزگىللەردە بولسۇن، باشتىن - ئاياغ تۈرك قەۋملىرىنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇپ كەلدى، ئۇرۇش دەۋرى ياكى تىنچ دەۋردە بولسۇن، جۇڭگو تەرەپ ھەقىقىي ئىناقلىق پوزىتسىيىسىنى زادىلا ئىپادىلىمەي، ھەمىشە ئىنسانىيەتسىزلىك روھىنى ئىپادىلىدى.»

شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن بىرلىككە كېلىشى ئۇزاق تارىخىي جەريانى بېسىپ ئۆتكەن، بۇ جەرياننىڭ ھەر بىر قەدىمى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بەرپا قىلىشقا قوشۇلغان تۆھپە بولۇپ، ئۇنى راسا مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەمما ھەر قېتىم بۇ ئۇلۇغ تارىخىي جەرياننى تىلغا ئالغاندا، مۇھەممەت ئىمىن ھامان ئۇنى كۆچەپ قارغىغان. ئۇ كىتابىنىڭ «جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئۈنجى قېتىم بېسىپ كىرىشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «جاڭ چيەن مىلادىدىن 59 يىل بۇرۇن روران، قوچۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قارا شەھەر، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق 36 دۆلەتكە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە بېسىۋالدى. جۇڭگو پادىشاھى جاڭ چيەننى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئۇرلى (چېدىر) شەھرىنى ۋالىي ئولتۇرىدىغان جاي قىلىپ تاللىدى.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى «بېسىۋالدى» دەپ قارىغان. «مەنچىڭ پادىشاھلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش غەرىزى ۋە بۇ غەرەزنىڭ ئەمەلگە ئېشىش سەۋەبلىرى» دېگەن پاراگرافىدا، مۇھەممەت ئىمىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى يۈرگۈزگەن سىياسىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگولۇقلار ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، تۈركىستاندىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىرقىنى دۇنيادىن يوقىتىۋەتمەكچى بولدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلدى ۋە زەھەرلىك ۋاسىتىلەرنى قوللاندى. بۇنىڭدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو مىللىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۆچمەنلىك قىلىش ھېسسىياتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى «يۇتۇۋېلىش» دەپ، «سۇيىقەست»، «زەھەرلىك ۋاستە قوللاندى» دەپ جېنىنىڭ بارىچە قارغىغان. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولۇشى» دېگەن پاراگرافتا، مۇھەممەت ئىمىن مۇنداق دېگەن: «ليۇجىنتاڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر ئەسكەر، بىر پاي ئوقمۇ چىقىم قىلماي، يەكەن، خوتەنلەرنى ئىگىلىۋالدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، بىچارە - سۆيۈملۈك شەرقىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، مىلادى 1877 - يىلى، يەنى ھىجرىيە 1294 - يىلى ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولدى.» زوزۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ليۇجىنتاڭنىڭ قوقەنلىك تاجاۋۇزچى، ھەربىي ئاتامان ياقۇپبەگ باندىتلىرىنى تازىلاپ، شىنجاڭنى يېڭىباشتىن تىنجىتىشمۇ يېقىنقى زاماندا ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىكى زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بولسا بۇنى «جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلىقى» دەپ ئاتىغان ھەمدە قايغۇرغان ھالدا شەرقىي تۈركىستان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولدى» دېگەن. ئەجەبا، شىنجاڭنى قوقەنلىك كېلگىندى ئۈنسۇر بېسىۋېلىپ چەت ئەلنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرسا بۇنىڭ ئىستىقبالى بولغان بولامتى؟ مۇشۇ سۆزلەردىن مۇھەممەت ئىمىن مىللىي بۆلگۈنچىلا ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ساتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 6. تارىخنى ئۆزگەرتىپ، توپىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىكنى «ئىنقىلاب» دەپ مەدھىيىلىگەن

مۇھەممەت ئىمىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونى قارغاش بىلەن بىللە، مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ئۈستىدە ھەدەپ داۋراڭ سېلىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى بىرلىككە قارشى تۇرغان، بۆلگۈنچىلىك قىلغان توپىلاڭلارنىڭ ھەممىسىنى «ئىنقىلاب» دەپ

www.uyghurkitap.com

مەدھىيىلىگەن. ئۇ كىتابىنىڭ «شەرقتە قارلۇق دۆلىتى، غەربتە تۈرگەش دۆلىتى قۇرۇلۇپ، كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ زۇلۇمى ئاستىدىكى تۈركلەر تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە ئۇچراپ، مۇنقەرزلىكنىڭ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. جۇڭگودىن مەرتىۋە - ئۇنۋان ئالغان خانلار ۋە خانىشلار جۇڭگونىڭ ئۇلارنى ئەتىۋارلىغانلىقىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، جۇڭگو ھەدىيە قىلغان سوۋغاتلارنى ئىنتايىن قىممەتلىك، چەكسىز شەرەپلىك، دەپ ھېسابلىدى. لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە خەلق ئاممىسى ئۇلارغا نارازى بولۇپ، جۇڭگونىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى. شۇڭا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىق ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىش تۈرك رايونىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. ئاخىرى ئۇۋەندىكى ئىككى ئىنقىلاب (قارلۇقلار بىلەن تۈرگەشلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى دېمەكچى) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، جۇڭگو قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، تۈركلەر ئازاد بولۇپ، كۆك تۈرك دۆلىتى ئەسلىگە كەلدى.»

«ئاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى ئاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تۈرگەشلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون قەبىلە قاغانى ئاستا قوشالوغا قارشى كۈرەشتە پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ تۈرگەش خانلىقىنى قۇرغان، ئۇنىڭ قاغانلىرى شاگىل، سۇلۇلار تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن غەربتىكى چېگرا رايونىنى قوغدىغان. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇر (خۇيخې)، قارلۇق، باسمىل ئۈچ قەبىلە بىرلىشىپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان، غەلبە قازانغاندىن كېيىن باسمىللارنىڭ سەردارىنى قاغان قىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باسمىل خانلىقىنى قۇرغان، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇر خانلىقى ئىگىلىگەن. مۇھەممەت ئىمىننىڭ باسمىل خانلىقىنى خاتا ھالدا قارلۇق خانلىقى دەپ ئاتىغانلىقى، ئۇنىڭ تارىخ بىلىمى ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، تۈرگەش خانلىقى بىلەن باسمىل خانلىقىنىڭ ھەر ئىككىسى غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىپ غەلبە قازانغاندىن كېيىن قۇرۇلغان مىللىي ھاكىمىيەتلەر ئىدى، مۇھەممەت ئىمىن بولسا قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى «جۇڭگوغا» قارشى قىلىنغان «ئىنقىلاب»، «تۈركلەرنى ئازاد قىلغان» دەۋالغان. تارىخنى بۇنداق ئۆزگەرتىش قەدىمدىن ھازىرغىچە كەمدىن كەم كۆرۈلگەن!

«قەدىمكى تۈركلەر ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىتى ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن پاراگرافىدا، مۇھەممەت ئىمىن ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ مۇنداق دېگەن: «بەزىدە تۈرك ئىمپېرىيىسى جۇڭگودىن مەغلۇپ بولغان، كۈچى ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگوغا بەيئەت قىلمىدى، باج - سېلىقمۇ تۆلىمىدى، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى، چۈنكى تۈركلەر ئاسارەت ئاستىدا ياشاشنى نومۇس دەپ بىلەتتى، شۇڭا ھەربىر تۈرك دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىماي شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشكە رازىكى، شان - شەرەپنى يوقىتىپ، مەنىسىز ھايات كەچۈرۈشنى خالىمايدۇ.» 200 يىلدىن ئارتۇق تۈرك تارىخىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلساق، ئۇنداق ئىش زادىلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلىمىز، مۇھەممەت ئىمىن نېمىشقا جۇڭگوغا «ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغان» تۈرك قەھرىمانلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى — باشقا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە، پايدىسىز ئەھۋالدىمۇ «ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق»قا قۇترىتىش. ئەمەلىيەتتە، مۇھەممەت ئىمىن ئۆزى ئەزەلدىن ئۇنداق قىلمىغان، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يىمىرىلگەندە، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ خوتەنگە قاچقان؛ «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ كۆلى كۆككە سورۇلغاندا، ئۇ يەنە ئالدىراپ - تېنەپ ھىندىستانغا قاچقان؛ ھىندىستاندا شان - شەرەپتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەھرۇم بولۇپ، مەنىسىز ھايات كەچۈرۈپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەت ئىمىننىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەم ئالدايدىغان سەپسەتە.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ۋە يېقىنقى زاماندا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن توپىلاڭلارنى مۇھەممەت ئىمىن تېخىمۇ كۆچەپ مەدھىيىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدا، بۆلۈنمە ھاكىمىيەت بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان چوڭ - كىچىك خوجىلارنى يوقاتقان، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتكەن. قوقەن كېڭەيمىچىلىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشنى ئويلاپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى شىنجاڭنى پاراكەندە قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۇلارنى كېڭەيمىچىلىك سۈيىقەستى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ قايتا باش كۆتۈرۈپ «قولدىن كەتكەن جەننىتى»نى قايتۇرۇۋېلىش خام خىيالىدا بولغان. مىلادى 1824 - يىلىدىن 1926 - يىلىغىچە توپىلاڭ كۆتۈرگەن جاھانگىر خوجا چوڭ خوجا (بۇرھانىددىن — ت) نىڭ ئەۋرىسى ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن ئۇنى «ئىنقىلابىي داھىي» دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ توپىلاڭچى كۈچلىرىنى «ئىنقىلابىي كۈچلەر» دەپ ئاتىغان. مۇھەممەت ئىمىن يەنە شۇ ئابزاستا يۇقىرىقىغا ئوخشاش سۆزلەر

بىلەن مىلادى 1830 - يىلىدىكى يۈسۈپ خوجا (چوڭ خوجىنىڭ چوڭ ئەۋرىسى، جاھانگىر خوجىنىڭ ئاغىسى) توپىلاڭنى ئەسۋىرلەپ، بۇ توپىلاڭنى «ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ ئاتىغان، ئارقىدىنلا يەنە تېخىمۇ كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ، مىلادى 1847 - يىلىدىن 1857 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ۋەلىخان (جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى باۋۇدۇننىڭ ئوغلى) توپىلاڭنى «ئۈچىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب» دەپ ئاتىغان. ئاخىرقى يەكۈندە بۇ توپىلاڭلارغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى ئەركىن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەركىن، ئازاد تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش» دېگەن. ئەمەلىيەتتە، مەيلى جاھانگىر خوجا بولسۇن، ياكى ۋەلىخان بولسۇن، ئۇلارنىڭ توپىلاڭلىرىنىڭ مەقسىتى شىنجاڭغا قايتىپ زومىگەر بولۇپ، ئەيشى – ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ توپىلاڭچىلار ئۈچۈن «مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى، ئازادلىقى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىشى «قوي كاللىسىنى ئېسىپ قويۇپ، ئىت گۆشىنى سېتىپ» ، تېخىمۇ كۆپ نادان كىشىلەرنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈشكە ئورۇنغانلىق، خالاس.

## 7. توپىلاڭغا ۋە بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىش خىتابنامىسى

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ئاخىرىدا، مۇھەممەت ئىمىن شىنجاڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتسىز بىر ئىبمىلەرنى يېزىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەۋقەسى ۋە پوزىتسىيىسىنى چىقىش قىلىپ، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋا- لىغا باھا بەرگەن، ئۇ بۇ ئابزاس سۆزىگە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇلاھىزە» دەپ ماۋزۇ قويغان، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسى، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر كىشى تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى، بارلىقىنى قۇربان قىلىشى لازىم؛ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىدىكى بارلىق توسقۇنلۇق ۋە قىيىنچىلىقلارنى پاتال يوقىتىش، يېڭىش كېرەك، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچىنى توپلاپ، سىرتقى كۈچنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئاسارىتىدىن ساقلىنىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىنى ساقلىغىلى، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى، بارلىق كۈرەشلەردە غەلىبە قازانغىلى، سىرتقى كۈچنىڭ بېسىمىنى چەكلىگىلى بولىدۇ، بۇ ھەربىر كىشىنىڭ مۇقەددەس ئۇلۇغ ۋەزىپىسى. لېكىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتىمۇ؟

بىز بۇ مەسىلىگە شۇنداق جاۋاب بېرىمىزكى: شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى تېخى ئورۇندىغىنى يوق. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا كۆڭلىدە ناھايىتى قىزغىن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمىدى.» مۇھەممەت ئىمىن بۇ يەردە «ھەربىر شەرقىي تۈركىستان خەلقى» نى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «بىردەك ئىتتىپاقلىشىش» قا، «كۈچىنى توپلاپ كۈرەش قىلىش» قا كۈچىنىڭ بارىچە قۇتراتقان. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «شەرقىي تۈركىستان خەلقىدە بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ سىياسىتىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ياشاپ غەپلەتتە قالغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولغان، شۇڭا ئۇلار دۆلەت دېگەن كۆز قاراشتىن، مىللىي ئاڭدىن ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، تۈرك مىللىتىنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكىنى ساقلىيالمايلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت، مىللەت، دىن ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىش غەيرىتىنى يوقىتىپ قويغان.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن «شەرقىي تۈركىستان خەلقى» دىن دۆلەت قارىشى، مىللىي ئاڭ، ۋە دىنىي ئېتىقادىنى، «كۈچەيتىش» نى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئىدىيىدە ھازىرلىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق دېگەن: «شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز - ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر دەۋالغان تۈرگۈن كىشىلەر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا شۇنداق دەيدۇ. ئەمەلىي ھەرىكىتى يوق؛ ھەقىقىي تۈردە دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىن ئايانماي كۈرەش قىلىدىغانلار ساناقلىقلا! ساناقلىقلا كىشى بىلەن مەقسەتكە يېتىش قىيىن.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن «ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەرلەر» نى بۆلگۈنچىلىك مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىشقا قۇتراتقان.

مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ پاراگرافىدىكى سۆزلىرىنى توپىلاڭ قىلىشقا ۋە بۆلگۈنچىلىككە قۇترىتىش خىتابنامىسى، ئۇنىڭ قۇترىتىش ۋە قايمۇقتۇرۇش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك دېيىشكە بولىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى قارشى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان كىشىلەر، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىدىغان، سىياسىي جەھەتتە گودەك، تۇرمۇشتا تەجرىبىسىز ئاز سانلىق مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوڭايلا ئالدىنىپ قالىدۇ.

## 8. «ئۇيغۇرلار» – «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ كۆچۈرۈلمىسى

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ قەيەردىن چىقىشى شىنجاڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، زەھىرى كەڭ تارقالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تولۇق مىللىي سىياسەتلەر توغرا ئىجرا قىلىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلگە ئېشىپ، شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەتلەر باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرۈنۈش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق راۋاجلىنىش داغدام يولىغا ما...

لېكىن، شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەملىكىتىمىزنىڭ سىرتىدىكى كاپىتالىزم كۈچلىرى تېخى خېلى كۈچلۈك؛ مەملىكەت ئىچىدە سىنىپىي كۈرەش تۈگەپ كەتكىنى يوق. شىنجاڭدا تار يەرلىك مىللەتچىلىك كەيپىياتى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ھېلىمۇ چوڭقۇر ساقلانماقتا، ئايرىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىز سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر شىنجاڭغا قاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى ئەدەپ كەتتى، تار يەرلىك مىللەتچىلىك كەيپىياتى بىر ئاز ئۆسۈپ قالدى، ئايرىم مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ قوزغىلىشتى. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ چوڭقۇر تەسىرى يېڭىباشتىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى، تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابى مانا مۇشۇنداق سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن.

«ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب ئەمەلىيەتتە «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ كۆچۈرۈلمىسى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مۇھەممەت ئىمىن «پانتۈركىزم» نى كۆككە كۆتۈرگەن، ئۇنىڭ چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى قويۇق ئىدى؛ تۇرغۇن ئالماس بولسا «پانتۈركىزم» نىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى — «پان ئۇيغۇرچىلىق» نى كۆككە كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىب قىلىش جەھەتتە شىنجاڭغا بىۋاسىتە، ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسەتتى.

تۇرغۇن ئالماس تۈرلۈك ناتوغرا ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىنى جىنىنىڭ بارىچە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كىتابىدا قايتا - قايتا، ئۇيغۇرلار «ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى»، «شەرقتە خىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبتا ھىمالايا تاغلىرىغىچە» بولغان «ئوتتۇرا ئاسىيا» «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مەشھۇر ئالتۇن بۆشۈكىنىڭ بىرى» دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ كىتابىدا يەنە تەكرار - تەكرار ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ ئوغۇز ئىمپېرىيىسى — ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىدىن تارتىپ سەئىدىيە خانلىقىغىچە بولغان 11 ئۇلۇغ ياۋروپا - ئاسىيا دۆلىتىنى قۇرغان، دېگەن. شۇ ئارقىلىق مىللىي چوڭچىلىق سەۋداسىنى قوزغىتىشقا ئۇرۇنغان، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتىنى قەبىھ دېمىگەن تەقدىردىمۇ تەبىئىتى مەككار دەپ، ياۋايى دېمىگەن تەقدىردىمۇ قالاق دەپ، مىللەتلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. تۇرغۇن ئالماس مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ساك، ھۇن، ئۇيسۇن، ياۋچى، سىيانبېي، جۇرجان، قاڭقىل (ئېگىز ھارۋىلىقلار)، تۈرك قاتارلىق جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار دەۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، بۇ مىللەتلەر ياشىغان جايلارنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ زېمىنى قىلىۋالغان. تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا يەنە «مۇستەقىللىق» نى كۆككە كۆتۈرۈپ، «بۆلگۈنچىلىك» نى تەرغىب قىلغان. ئۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ چېگرىسىنى سەددىچىن سېپىلى دەپ، قەدىمكى تارىخنى ئەمەلىيەتكە قىلچە پىسەنت قىلماي، سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ ئاتىغان، ھەتتا ئۇلارنى «جۇڭگو» بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويغان. شۇڭا، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابتا «مۇستەقىل» دېگەن سۆز «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دىكىدىنمۇ كۆپ چېلىقىدۇ. «جۇڭگو» بىلەن باشقا «يەرلىك مىللىي ھاكىمىيەت» لەرگە نىسبەتەن تۇرغۇن ئالماسنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، غەرەز - نەپرىتىنى ئېنىق دېيىشكە بولىدۇ: ئۇ «جۇڭگو» نى تىلغا ئالسىلا ئىختىيارسىز ھالدا «مەككار»، «ۋاپاسىز»، «زەئىپ»، «قالاق» دېگەندەك سەلبىي مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلەتكەن، «باشقا مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرى» (ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتلەر)نى تىلغا ئالسىلا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا «مۇستەقىل»، «قۇدرەتلىك»، «پارلاق»، «مەدەنىيەتلىك»، «باي» دېگەندەك ئىجابىي مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلەتكەن، ئۇ ھەتتا ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخنى كۆرمەي، بىر دەملىك ۋەقەنى كۆرۈپ، «جۇڭگو» ھونلارغا، تۈركلەرگە ۋە ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بەن چاۋغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى «ئۇيغۇرخانلىرىنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن كاللا سوقۇشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، كۆپلەپ قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولدى» دەپ ھاقارەتلىگەن. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان مۇنەۋۋەر تارىخىي شەخسلەر، ئالايلۇق، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوقۇشار تەڭرىقۇت، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئاسنا سۈنس، ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئونمىش (ھورموزد) قاتارلىقلارغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «خائىنلار» دەپ ئاتىغان؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە قارشى چىققان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان مۇناپىقلارنى، ئالايلۇق، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كۆرشادنى تولۇپ تاشقان ھاياجانلىق كەيپىيات ئىچىدە «شىر يۈرەك قەھرىمان» دەپ مەدھىيىلىگەن، ھەتتا غەرەزلىك ھالدا مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ نامى خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىكى يولىدا كۈرەش قىلغان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقانلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى ۋە ئالغۇسى.» بۇ يەردە بىز شۇنى سوراپ باقايلى: كىملەر «خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىكى يولىدا كۈرەشتى»؟ كىملەر «خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىكى يولىدا كۈرۈشىۋاتىدۇ»؟ قانداق «خەلق» مەملىكىتىمىزدە «مۇستەقىللىك» ۋە «ئازادلىق» نى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ «خەلق» كىمدىن «مۇستەقىللىك» ۋە «ئازادلىق» تەلەپ قىلىدۇ؟ تۇرغۇن ئالماس رىئاللىق ئالدىدا مۇشۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالامدۇ؟

مەيلى مەيدان ۋە پوزىتسىيە جەھەتتىن بولسۇن، ياكى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن بولسۇن، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» بىلەن «ئۇيغۇرلار» بىر زاۋۇتنىڭ بىر ساندۇقتا قاچىلانغان ماللىرى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاب «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئاز - تولا ئۆزگەرتىپلا بىۋاسىتە كۆچۈرۈۋالغان. بۇ ئىككى كىتابنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرساق، بۇنداق ئابزاسلار كەم دېگەندە 50 نەچچە يەردە ئۇچرايدۇ.




5 – رەسىم. «ۋامۇق – ھۇزرا» دا، ھۇزرانىڭ
سوھبىتى 206 – بەت.

تمام بازار و دکانلارنی باب و زیبالیغ بیلان توتسونلار دیبالار و متاع لار بیلان
آراسته قیلغای متاع لارنینگ بارچه سی قیمت بها صورت کشلیغ بیلا منقش
ایلاکایلار هر نوع زینت بیلان آیینه بند قلیب تمامی ملکنی مونکارخانه چین دیک
صورت کا کلتوروب انجام بردی خلایق لار هر نیچوک قیلتورگامای قیلغانینی یمان قیلدینک
دیمک یوق ایردی بو چرخ کهن انداغ معرکه توزوب بر جشن آراسته قیلدیکیم انینک دیک زیبا
بو طاق نیلکون احاطه قیلیبدور ایردی اول نرم دیک کیمین پادشالاری هم کورمای بلکه یوز تخوتلو قرن
برینی هم نشان تابغان ایماس ایردی فلک دیک خوان لاری انداغ حددین فزون ایماس
قرصه دک نان لار عدددین بیرون ایردی کشور خلقی نینگ حاجتینی روا قلیب اوج بیلغه
خراجنی ایلدین باغیشلاب ایردی اولوس لاری شادلیق وطرب لیقدین بردم آرام الیب
ولیکن حلاوت اندام اعضا لارنی آسرا خوشوقتلیغ قیلور ایردی آنار اول طربنینگ
غوغاسینی جا غلاکتشوری دین مشقت لارنی دفع قلیب ایردی خلایق اوجون
چید سیز گنج لارنی دریغ توتمای عیش عشرت اوجون اندا منزل جانانه لارنی توتوب
بیرور ایردی خلایق لار ایچیدین باده نوشلوق غم لارنی یوق قلیب قایغو لارنی اول قزیل سو
دفع قیلور ایردی گیتو ساقی جهکیب ...لار اوجون اون مانا توتقیل اوکوتش بر جام کلکون
منع جهان اهلی بیکلیغی پرست ایت توتا چینی ایاغ لار ره مست ایت . . . .

---

3 - رەسىم. «نەسرى مىرزا مۇھەممەت شوخسەيىدبەگ»
«پەرھاد - شىرىن» داستانىدىن 317 - بەت.



[illegible]

[illegible]

بو نوع ایتور خردمند سخن دان    توکوب سوز گوهرین کیم بار ایردی

ایشیتیم طیموس آتلیغ پادشاهی    جالیب مغرب زمین دا کورسه بی

همه اسباب شاهی حاصل ایردی    شهنشه لیق ایشیدا کامل ایردی

تمام ایردی میسر آرزو لیغ    بیر آفاق ارا برکنت دکولی

باشیدین تاج فر اقبال ایله بخت    ایاغیدین بلند اول پایه تخت

فلک خدمت دا جوزا دین کمربند    ظفر لیغ تیغی دایم سمت پیوند

جو رعنا دختری ایردی زلیخا    قدی رعنا لب لعل شکر خا

باری عالمدین ایردی انکا میلی    که مقصود اول ایدی اوزگا طفیلی

نی دختر اختر برج سعادت    درخشان گوهر درج سعادت

سیغماس وصفی تقریر بیانغه    بیان حسنی کلماس هیم زبانغه

جمال ایردی اینکه وصفی جمالی    قیلای طبعیم بیلکانچه خیالی

نوشاتی

4 – رەسىم. «يۈسۈپ زۇلەيخا» داستانىنىڭ 41 – بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بسم الله الرحمن الرحیم

6 - رەسىم. «مەسنەۋى شەرىپ پارىسى» 2 - باپنىڭ باشلىنىشى.



7 - رەسىم. «ئىسكەندەر نامە» 1 - بەت.

# تۈزگۈچىدىن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھۆججەتلىرى ئۈستىدە تېخى كەڭ ۋە ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. 1953 - يىلى رايونىمىزنىڭ بەزى تارىخىي ئورۇنلىرى تەكشۈرۈلگەندە، مەن بۇ خىزمەتنى قوشۇمچە قولغا ئالغان ئىدىم. 1954 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە بۇ خۇسۇستا قىسقا مۇددەتلىك (بىر ئايلىق) تەجرىبە ئۆتكەزدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ خىزمەت شىنجاڭ يەرلىك موزېيغە تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىنىڭ ئاسارە - ئەتىقىلىرىنى توپلاش خىزمىتى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. 1955 - 1956 - يىللىرى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قۇمۇل شەھەرلىرىدە بەزى ھۆججەتلەر توپلاندى. 1957 - يىلى قەشقەر، يېڭىسار، ئاتۇش، يەكەن شەھەرلىرىدە ئىلگىرىكى ھەركەتلەرگە كۆرە بىر قەدەر كەڭرەك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، تىل، تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر 200 خىلدىن ئوشۇق قول يازما توپلۇنۇپ رەتلەندى. «دىۋان لۇغەت تۈركى»، «لاتەپە ئۇل لۇغەتەيىن» قاتارلىق مۇتەبەر قامۇسلار ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. «مۇپتاھىل ئۇلۇم»، «سودراخ» ئوخشاش كاتتا ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىدى. بەزى شائىرلارنىڭ تەرجىمە ھالى ئۆگىنىلدى.

بۇ كاتولوگ، يۇقۇرقى قولىيازمىلار ئىچىدە ئاۋتورى، يىلى ئېنىق بولۇپ، مەزمۇنى بىر قەدەر مەلۇم بولغان ئە-



9- رەسىم. «سەددىقنامە» دە شائىرلىق بابىدىن 150-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاۋتورى، يىلى ئېنىق بولمىغان بىر قانچە ئەسەرلەر مەسىلەن: «تەزكىرەئى يۇسۇپ قىدىرخان غازى پادىشاھىم»، «تەزكىرەئى ئەبۇ نەسىر سامانى»، «دەھىيەك نامە» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىدى. بەزى ئەرەبى، پارسى قولىيازمىلار مەسىلەن: «زۇپەر نامە»، «شەھنامە»، «روزەتىل ۋاھىزىن» قاتارلىق ئەسەرلەر تېخى تەكشۈرۈلۈپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ سانغا ئېلىنمىدى. بەزى ئەسەرلەر مەسىلەن: «كۇلىيات بېدىل»، «شاۋقى گۈلۈستان»، «سۇرراخ» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇخارا، كەشمىر، چاپخانىسىدا بېسىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا خېلى كەڭ تارالغانلىقى ئۈچۈن قالدۇرۇلدى. لېكىن بەزى ئەسەرلەر مەسىلەن: «خانىنىڭ تەسنىپ قىلغان، ياخشى ئىشلارغا رىۋاج بېرىدىغان سوزلىرى» ناملىق ئەسەر گەرچە قەشقەر چاپخانىسىدا بېسىلغان بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە ئانچە كوپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ كاتولوگقا ئېلىندى.

بۇ خىزمەت بۇنىدىن كېيىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىلىيالى، يازغۇچىلار سويۇزى «كلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىش گرۇپپىسى» ۋە موزېي تەييارلىق باشقارمىسى تەرىپىدىن ئۆز ئۇكسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. كاتولوگىمىزنىڭ قاتارىنى كوپەيتىش ئۈچۈن بۇنىڭ بىلەن ئاشنا بولغان ھەر بىر يولداشلىرىمىزنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

يۇسۇپبېك مۇخلىسوۋ.

1957 - يىل، 18 - مارت.

# I ئەدەبىي - ئىجادىي ئەسەرلەر

## مەشھۇنۇلجا قايىق

№1 №75

ئاۋتورى: ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە لۇتپى (ۋاپاتى 1492 - يىلى). بۇ ئەسەرنى يەكەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگ ئوغلى تاجى مۇھەممەت ھىدى بەگ تەخمىنەن 1812 - يىللىرى شېئىرى نۇسخىسىدىن نەسرى يولى بىلەن شەرھىلىگەن ۋە ئەسەرنى «دىخۇلۇلجان ئەبۇلبۇلجانان» دەپ ئاتىغان. ئەسەر تولۇق. نەپىس زىپەك قەغەزگە چىرايلىق خەتتى پارسى بىلەن يېزىلغان. مەزمۇنى: ھەقىقەتنى تەرىپلەش ئاساسىدا بولۇپ، ھەقىقەت توغرىسىدا يازغان بىر قانچە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بۇنىڭ ئوبدان مىسالى قىلىنغان.

1957 - يىلى قەشقەردىن موزېيى ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 28، ئېنى 18، قېلىنلىقى 4 سم، ۋارىغى 257، باش - ئايىغى ساق، ئوزى ئوبدان ساقلانغان.

لۇتپى:

نازۇكلۇق ئىچرە بىلى جەلۇق يار كىيۇيى
ئۆز ھەددىنى بىلىپ بېلىدىن ئۆلتۈرۈر قويى
سادايەتى دىلبىرىم مېنى ئاشىپتە ساچتىن
سالدى كېمىنە بوينۇمە ئىككى غۇلاچتىن.

2

№75 №2

بۇ نۇسخە ئىسپىجابلىق (ھازىر ۋەيران بولغان شەھەر) دولەت شاھ دېگەن خەتتات تەرىپىدىن 1700 – (1120 – ھىجرى). يىلى پۈتۈلگەن.

1957 – يىلى قەشقەردىن موزېيى ئىختىيارىغا ئېلىندى.
ھەجمى: بويى 21، ئېنى 13 يېرىم، قېلىنلىقى 5 س م؛ ۋارىقى 275، باش - ئايىغى بار، نوزى ئوبدان ساقلانغان.

## چاھاردىۋان

1

№14 №3

ئاۋتورى: ئېلىشىر ناۋايى (ۋاپاتى 1501 – يىلى). شائىر بۇنىڭدىكى شېئىرلىرىنى 1448 – يىلىدىن (يەتتە يېشىدىن) 1501 – يىلى ۋاپات بولغىچە يازغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۇزىنىڭ تەرجىمە ھالىغا قاراپ توت دەۋرگە بولۇدۇ.

1 – غارا ئىيبوس سىغير (بالىلىقىنىڭ خۇش چاغلىرى).
2 – ناۋادىر ۇششەباپ (يىگىتلىكىنىڭ ئوتتەك كۆڭلىرى).
3 – بادايئۇل ۋەسەت (ئومۇرنىڭ قىممەتلىك چاغلىرى).
4 – پەۋائىدىل كىبىير (قېرىلىقىنىڭ ئالامەتلىرى).

بۇنىڭ تولىسى مۇھەببەت توغرىسىدا لىرىكا. سىياسى لىرىكا بىلەن ئادالەت، ئەخلاق، ئىلىم توغرىسىدىكى شېئىرلىرىمۇ خېلى بار.

بۇ ئەسەر 1557 – يىلى كۇچاردا يېزىلغان ئىكەن 1).

1). ئەسەرنىڭ كوچۇرۇلگەن يىلى ھازىر يوق. 1937 – يىلى ئابدۇكېرىم ئىمام ئۇنىڭ يىلى بار يەردە ۋاقىتنىڭ تامغىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قىرقىپ كېسىپ ئېلىۋەتكەن. بۇ يىل شۇ ئادەمنىڭ كاپالىتى ۋە ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ يېزىلدى.



1809 – يىلى قۇمۇل ۋېڭىنىڭ قولىغا چۈشكەن. 1935 – يىلى ئۈرۈمچىدە ئابدۇكېرىم ئىمامنىڭ قولىغا ئوتكەن. 1955 – يىلى ئابدۇكېرىم ئىمامدىن 500 يۈەن مۇكاپات بېرىلىپ موزېيى ئىختىيارىغا ئېلىندى. ئەسەرنىڭ سەنئەت تۈزۈلۈشى ناھايىتى ياخشى، پۈتۈن بەتلىرىگە ئالتۇن سۈيىدىن ھەل بېرىلگەن. شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ 21 خىل رەڭلىك رەسىم ئىشلەنگەن. يىپەك قەغەزگە يېزىلغان.

ھەجمى: ئۇزۇنلىقى 32، ئېنى 21، قېلىنلىقى 5 س م 416 ۋاراق. 35 مىڭ 436 مىسرا بېيت. (1 – 2 – رەسىمگە قارالسۇن).

2

№116 №4

بۇ نۇسخە 1700 – يىلى ھىندىستاندا كوچۈرۈلگەن. بۇنىڭ باشقا چاھاردىۋانلاردىن ئالاھىدىلىكى، ئاخىرىدا ناۋايىنىڭ ئىنىك مۇھىم ۋەقەلىرى توغرىسىدا تەرجىمە ھال يېزىلغان. سۈپىتىمۇ خېلى ياخشى (سۈپەتە قەغەزگە كەشمىر خېتى بىلەن يېزىلغان). 1957 – يىلى ئۈرۈمچىدە تېپىلدى.

ھەجمى: ئۇزۇنلىقى 31، ئېنى 16، قېلىنلىقى 6 س م 420 ۋاراق. 45 مىڭ مىسرا بېيت.

3

№17 №5

بۇ نۇسخە 1832 – يىلى قۇمۇلدا يېزىلغان. بۇنىڭ باشقا چاھاردىۋانلاردىن ئالاھىدىلىكى، ئاخىرىدا موللا مەسئۇد كاتىپ تەرىپىدىن ناۋايىنىڭ ئىجادىيىتىگە بېرىلگەن مەخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇس باھا بار. بۇ باھا ناۋايىنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۇكۇنۇشتە خېلى قىممەتكە ئىگە. كىتاپنىڭ سۈپىتى ياخشى. ژىپەك قەغەزگە يېزىلغان. ھەممە ۋاراقلىرى قىزىل، يېشىل، ھال، كوك رەڭلەر بىلەن زىننەتلەنگەن.

1955 - ژىلى ئۇرۇمچىدە ئابدۇكېرىم ئىمامدىن سېتىۋېلىندى.

ھەجمى: بويى 28، ئېنى 18، قېلىنلىغى 6 س م 586 ۋاراق، 51 مىڭ مىسرا بېيىت.

## خەمسە ناۋايى

1

№79

№6

ئۇلۇق ناۋايىنىڭ بەش داستانى. 1 - «ھەيرەتۇلئەبرار»، 2 - «لەيلى - مەجنۇن»، 3 - «پەرھاد - شىرىن»، 4 - «بەھرام»، 5 - «سەبئى سەييارە».

بۇ ئەسەر 1483 - ژىلى باشلىنىپ 1485 - ژىلى پۈتكەن ئىدى، بۇ نۇسخىسى 1768 - ژىلى قەشقەردە خوجا سەئىت ئاملىق كاتىپنىڭ قولى بىلەن كوچۈرۈلگەن.

ئەسەر تولۇق، خوتەن قەغىزىگە نۇششاق، لېكىن ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ كوچۈرۈلگەن.

ھەجمى: بويى 33، ئېنى 21، قېلىنلىغى 6 س م ، 394 ۋاراق.

2

№79

№7

بۇ نۇسخە 1774 - ژىلى كوچۈرۈلگەن. ئاخىرىدا «مەھبۇبولقۇلۇپ»، «مەنتىقۇتتەير» نىڭ كوچۈرمىسى بار.



ھەجمى: بويى 48 ، ئېنى 30 ، قېلىنلىغى 4 س م، 216 ۋاراق.

## نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىنبەگ

№74

№8

ئەدىپ ۋە ئالىم موللا سىدىق يەركەندى 1808 (1228 - ھىجرى) ژىلى خەمسە ناۋايىنى شېئىرى داستانىدىن شۇ نام بىلەن پروزا شەكلىدە رومان ئېتىپ تۈزۈپ چىققان. بۇنىڭغا شۇ دەۋرنىڭ يەكەن ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىنبەگ تەشەببۇس قىلغانلىغى ئۈچۈن ئاۋتور ئوز ئەسىرىگە «نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىنبەگ» دەپ نام بەرگەن.

ئەسەر تولۇق. خەمسە ناۋايىنىڭ «سەبئى سەييارە» داستانىدىن باشقا «بەھرام» . «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» ، «سەددى ئىسكەندەرى» داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن. «سەبئى سەييارە» نىڭ ئورنىغا يەنە ناۋايىنىڭ «مەنتىقۇتتەير» پوئېمىسى ھېكايە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسى يەكەن شەھىرىدە 1852 - ژىلى كوچۈرۈلگەن بولۇپ، 1930 - ژىلىدىن تارتىپ يەكەن «ئالتۇن داۋزا» مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئابدۇۋەلى خەپتىم قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ كىشىگە ئاتىسىدىن قالغان ئىكەن.

1957 - ژىلى 100 يۈەن مۇكاپات بېرىلىپ مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 34 يېرىم، ئېنى 25، قېلىنلىغى 8 س م. 431 ۋاراق. باش - نايىمى بار. خېتى رۇشەن، ئوزى گوبدان ساقلانغان. (3 - رەسىمگە قاراڭلار).

## «پەرهاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» نىڭ نەسرىيسى

№106 　　　　　　　　　　　　　　　№9

ئەدىپ ئۆمەر باقى تەرىپىدىن 1792 ـ ژىللىرى يەكەن هوكۇمدارى ئىئوەزبەگ نامىغا «نەسرى نەزىم» ئۇسلۇبىدا هىكايە سۈرىتىگە كەلتۈرۈلگەن (ئەسلى خەمسە ناۋايىدىن ئېلىنغان).

1957 ـ ژىلى يانۋاردا قەشقەردىن موزىيى ئىختىيارىغا ئېلىنىدى. كىتاپ تولۇق ئەمەس (باش ـ ئايىغىدىن بىر قانچە ۋارىغى يوق).

هەجمى: بويى 22، ئېنى 11، قېلىنلىغى بىر يېرىم س م، 93 ۋاراق.

## ئىسكەندەر نامە

№136 　　　　　　　　　　　　　　　№10

«خەمسە» ناۋايىدىكى «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىنىڭ شۇ نام بىلەن نەسرى تۈزۈلۈشى. ئاۋتورى، ژىلى مەلۇم ئەمەس (بېشىدا ئىككى ۋاراق يوق بولغانلىقتىن بۇ فاكت كورۈلمىدى).

ئەسەر ناهايىتى جانلىق، چۈچۈك رومان تىلى، ئوتكۈر كىنايە، چىرايلىق تەسۋىر ۋە مەنالىق جۈملىلەر بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇستۇن بەدىى ماهارەتكە ئىگە. بۇنى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ياخشى بىر نەمۇنىسى دېيىش مۇمكىن.

ئەسەر ژۇقۇرىدا كورسۇتۇلگەن كام ئىككى ۋارىغىنى ئېتىۋارغا ئالمىغاندا تولۇق. 1956 ـ ژىلى چارقىلىق ناهىيىسىدىن تېپىلغان.



هەجمى: بويى 18، ئېنى 11، قېلىنلىغى 3 س م، 211 ۋاراق.

ئەسەردىن نەمۇنە:

«... بىلۇرسەنكى: بول سوزۇمدە يامانلىق يوقتۇرۇر، ئول سوزۇمدىن يانمىغىم يوقتۇرۇر. هالا سۇلهى ئىستىسەڭ مەن هەم سۇلهى قىلۇرمەن. ئەگەر كىنە تۇتۇپ ئاداۋەت قىلساڭ، بۇ ئىشتا هەم مېنىڭ هېچ كالىمىغىم يوقتۇرۇر. جەڭ قىلىشتا هەم بېسەرەمجان ئەمەسمەن، لەشكىرىم هەم ناهايەتسىز تىرۇر. ئىنتىهايە ياراغ ـ جابدۇقاۋق تۇرۇر. كىشىگە ئايالى ۋەتەن ئۈزەسىدە بولسا، ئىمكانىنىڭ بىرىچە جەڭ قىلغالى بولۇر، لېكىن ئىككى پادىشا جەڭ قىلغاندا، غالىبلىق قايسى تەرەپكە بولۇر ئۇنى كىشى بىلمەس هەر نىچۈك بولسا كىشى جەڭ قىلىشتىن ژىراق بولغان ياخشىراق....» (ئىسكەندەرزۇلقەرنەيننىڭ ئەلچىسىگە جۇڭگو خاقانى شۇ جاۋاپنى بېرىدۇ).

## مۇهەببەتنامە ۋە مېهنەتكام

№1 　　　　　　　　　　　　　　　№11

لىرىكىلىق پوئېما.

ئاۋتورى: قەشقەر ۋەلايەت تازغۇن رايون مۇهەممەت ئىمىن غوجام قۇلى ئوغلى خىرقىتى (ۋاپاتى 1724 ـ ژىلى) شائىر بۇ ئەسىرىنى 1670 ـ ژىلى ئاپپاقغوجامنىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ ژۈرگىنىدە يازغان.

مەزمۇنى: چۇڭقۇر لىرىكا ۋە رومانتىك خىيال ئارقىلىق ئاپپاقغوجا دەۋرىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ئەهۋالىنى سابا، بۇلبۇل، قىزىلگۇللەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تەسۋىر قىلىنغان. ئەسەر تولۇق بىر كىتاپ (كىرىش سوزىدىن بىر ۋارىغى يوق). ئىچكى سوستاۋى كىرىش

سوزىدىن تاشقىرى 47 باپتىن قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن ئۈچى ئەسەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن خاتىمىسىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋدىگىرىمىسى پەيغەمبەرلەرگە مۇراجىئەت. 24 ى سابا، بۇلبۇل، قىزىلگۈللەر توغرىسىدا.

بۇ ئەسەر 1954 - ژىلى ئاغۇستتا پېكىسار ناھىيەلىك مەدەنىيەت ۋۇرتى ئارقىلىق موزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: ئۇزۇنلىقى 18، ئېنى 11، قېلىنلىقى 3 س م، 99 ۋاراق. 3216 مىسرا بېيت.

سابارغا ئېيتتى گۈل، بۇلبۇلنى كەلسۇن،
كېچە - كۈندۈز مېنىڭ قېشىمدا تۇرسۇن
ئەگەر بولسا ماڭا بۇلبۇل ۋاپادار
نە بولماي ئاڭا مەن يارى غەمخار.
قېشىمدا بولسا ئانداغ يارى ھەمدەم،
ئىچۈك قىلماي ئېنى سەيرىمغە مەھرەم.
جاھاندا مەن كەبى دىلدار بولسا،
نەخۇپ جىسمىمغا بۇلبۇل زار بولسا.
مېنىڭ بەزمىمدە ھەردەم نەغمە پەرۋاز،
مۇھەببەتتىن چىقارسا دىلكەش ئاۋاز.
ئەگەر غەم ئىشىغە ئول قويسا مەرھەم.
ئاڭا ئاۋاز خوشىدىن بەرسە بەرھەم.

## دىۋان زەلىلى

№5 №12

بۇنىڭ ئىچىگە يەكەن شائىرى مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ (ۋاپاتى 1743 - ژىلى) 1727 - ژىلىدىن 1735 -



ژىلىغىچە يازغان توت پوئېمىسى بىلەن 253 خىل پارچە شېئىرلىرى توپلانغان. پوئېمىلىرى: 1- قىرىق چىلتەن، 2 - تەزكىرەئى مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇك كىۋار، 3 - ھەزرەت ھەپتى مۇھەممەت بۇزرۇك كىۋار، 4 - سەپەر نامە. بۇلار مەزمۇن جەھەتتە ئابدۇرىشىت خاننىڭ تارىخى بىلەن يەكەننىڭ بەزى ئىجتىمائى ئەھۋاللىنى ۋە شائىرنىڭ ئۆز تەرجىمە ھالىنى كورسىتىپ بېرىدۇ. شېئىرلىرى مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن رۇبائىيلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تولىسى مۇھەببەت، ھەقىقەتلىرىگە، سىياسى، قانۇنى ئىرىكلار بىلەن ھىكمەتلىرىمۇ بار. ئاخىرىدا ئۈچ ساقىنامىسى بار.

ئەسەر تولۇق بىر كىتاپ. 1955 - ژىلى ئۈرۈمچىدىن تېپىلغان.

ھەجمى: ئۇزۇنلىقى 19، ئېنى 12، قېلىنلىقى 5 س م 183 ۋاراق.

يار ئەگەر جاپا قىلۇر بولسا ئايا كوڭۇل مۇلۇل
خال خېتى سىپاھىدىن خېتى لەشكەر مۇغۇل.
كەگرى ھاي ئەرشىدىن دەرگاھى بەس ئىرۇر بەلەن
نامە كېتەر ئىلتادۇر ئاندا ئىجاجەت رۇسۇل.
شەھەر خوتەندىكىم كورۇپ بەرىق ھاۋامكىن دىدى،
شۇغالەئىدۇر ئاھ ئىرۇر بىلمەس سەرھەد قۇمۇل
ئەسلى جاھاندا قالمىدى تەلۋە زەلىلىنىڭ دىمە،
ئولگەنىدىن كېيىن كورۇك ھەر غەزەلىدە بىر ئوغۇل.

## دىۋان نوبىتى

№8 №13

شېئىرلەر توپلىمى. ئاۋتورى خوتەن شائىرى «نوبىتى»



www.uyghurkitap.com

(هازىرچە شائىرنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس). بۇ توپلام شائىرنىڭ 1740- يىللىرى يازغان شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن. مەزمۇنى: مۇھەببەت، نەسىھەت، مۇراجىئەت ۋەدىنىي تەسەۋۋۇپلاردىن ئىبارەت. بۇ تېخى شائىرنىڭ تولۇق دىۋانى ئەمەس. «تۈركىستان تارىخى»دا شائىرنىڭ مۇپەسسەل بىر كىتاۋىنىڭ بارلىغى يېزىلىدۇ. قولىمىزدىكى بۇ ئەسەر 1954 - يىلى كۇچاردىن تېپىلغان. كىچىك بىر توپلام.

هەجمى: ئۇزۇنلىغى 14، ئېنى 11، قېلىنلىغى 1 يېرىم س م 55 ۋاراق. 107 مۇسەددەس، 31 رۇبائى.

(قوشۇمچە بۇ توپلام ئىچىدە شائىر ھۆۋەيدانىڭ 69 شېئىرلىرى بار.)

## يۇسۇپ - زۇلەيخا

№2 №14

ئېپىك داستان.

ئاۋتورى موللا يۇنۇس يەركەندى. شائىر بۇ داستاننى مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان «يۇسۇپ-زۇلەيخا» ناملىق داستانىغا تەقلىت قىلىپ 1791 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. لېكىن ئەسەر جامىنىڭ كىتاۋىدىن مۇستەقىل سيۇژېت، تىل ۋە بەدىي خۇسۇسىيەتلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ.

ئىچكى سوستاۋى 72 ماۋزۇدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ 14ى كىتاپنىڭ يېزىلىش سەۋەۋى، مۇھەببەت، ئىلىم، تىل ھەققىدە باردۇ. قالغىنى «يۇسۇپ - زۇلەيخا» نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ. ئەسەر تولۇق بىر كىتاپ. باش - ئايىغى بار. 1955 - يىلى ئاپرىلدا قەشقەر ۋىلايەت ئاتۇش ناھىيىسىدە ئەھمەت خېتىۋاجىمدىن سېتىۋېلىندى.



هەجمى: ئۇزۇنلىغى 20، ئېنى 12، قېلىنلىغى 4 س م 174 ۋاراق. 9048 مىسرا بېيت. (4 - رەسىمگە قاراڭسۇن)

## تەزكىرە ئىمام زەبىھۇللا

№10 №15

تارىخي پوئېما.

ئاۋتورى خوتەن شائىرى موللا نىياز. شائىر بۇ پوئېمىنى 1790 - يىلى شۇ ناملىق نەسرى تەزكىرىدىن شېئىرى داستان قىلىپ تۈزۈپ چىققان. مەزمۇنى: شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن 970 - يىللىرى ئەرەبىستاندىن كېلىپ خوتەندە ھېلاك بولغان ئىمام نەسىردىن باشلىق تۆت ئىمامنىڭ تارىخي سۆزلىنىدۇ. ئەسەر تولۇق. ئىچكى سوستاۋى 11 بابتىن ئىبارەت تۈزۈلگەن. 1954 - يىلى قەشقەردە موزېي ئىختىيارىغا ئېلىنغان.

هەجمى: ئۇزۇنلىغى 16 ئېنى 10، قېلىنلىغى 1 يېرىم س م. 67 ۋاراق. 2412 مىسرا بېيت.

## باياز

№87 №16

ئالما ناخ. 1811 - يىلى قۇمۇل ۋاڭ مەھكىمىسىدە تۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ناۋائىي، زوھۇرى، ھاپىز شىرازى، لۇتپى، مەشرەپ قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن شائىرنىڭ شېئىر نەمۇنىلىرى توپلانغان. ئەسەر زوھۇرىنىڭ «قۇياش» شېئىرى بىلەن باشلىنىپ، شاھ ئىمىنىڭ «شەھەنشا» شېئىرى بىلەن تاماملىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ باش - ئايىغى بار. ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ۋاراقلىرى يوق. 1953 - يىلى قەشقەردە رېھىم ھاجىدىن سېتىۋېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب ئۇرىكى www.uyghurkitap.com

هەجمى : ئۇزۇنلىقى 24، ئېنى 15، قېلىنلىقى 5 س م 206 ۋاراق.

## غەزەل لۇتپى

ئاي ساچىڭ شەيدا كوكۇللەرىنىڭ سۇۋادا ئەزدىمى
هالقا - هالقا رۇچىنىڭ سەرەندە لىدۇر هەر خېمى
سۇنبۇلۇڭنى نارىغاندا گۇل ئۇزە تاگدۇر ئېبرىق
كىم بۇلۇتاۋۇق كېچىنىڭ ئەلۋەتتە بولماس شەبنەمى
گەر ۋەتەن لۇتپى كوزىدە تۇتمادىڭ يوقتۇر ئەجەپ
ئوى قوپارماغلىق ئىرۇر دەشۋار جېخۇن ئۇستىنى

## گۇل ۋە بۇلبۇل

№32 №17

لىرىكىلىق پوئېما.

ئاۋتورى: موللا ئەلەم شەھيارى. شائىر بۇ ئەسەرنى 1761 - ژىلى سوپى ئاللا يارنىڭ بەزى لىرىكىلىرىغا تەقلىت قىلىپ يازغان. مەزمۇنى مۇھەممەت ئەمىن غوجام قۇلىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» پوئېمىسىغا ئوخشاش بۇلبۇل، قىزىلگۇل، سابا مەسىلىسى قويۇلۇدۇ. تىلىدىمۇ ئانچە پەرق يوق. لېكىن سيۇژېتىدە خېلى ئالاھىدىلىك بار.

ئەسەر تولۇق ئەمەس. بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا بەزى ۋاراقلىرى يوق. 1955 - ژىلى كۇچاردىن سېتىۋېلىندى.

هەجمى : ئۇزۇنلىقى 19 يېرىم، ئېنى 13، قېلىنلىقى 1 س م 48 ۋاراق. 2112 مىسرا بېيت.



بار ئىردى ۋادىيى زىبا گۇلى ناز
ئاجايىپ تەرىپى گۇلزارى چۇمەنزار
كى دۇنيا ۋادىدۇر سەبزە خىررەم
گۇلى بىر نەچچە كۆڭلىنىڭ رەڭبەرىڭ هەم
ياسانىپدۇر كىيىپ باشتىن - ئاياغ گۇل
ئاجايىپ ياخشىلار كوردىكى بۇلبۇل
قىزىل، سارىغ، يېشىل گۇللەر ئېچىلمىش
لاتاپەت ئىچىدە گويا جەننەت ئىرمىش

## دوررىلناجات

№7 №18

مۇنازىرىلىك داستان.

ئاۋتورى: ئۇلۇق ئۇيغۇر شائىرى ئابلۇرېھىم نازارى (ۋاپاتى 1848 - ژىلى). شائىر بۇ ئەسەرنى 1839 - ژىللىرى زوھۇرىدىن ھېكىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يازغان. مەزمۇنى: هوكۇمەت ئورگانلىرىنىڭ ئۇزۇمچان بولۇشلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل ۋە ئاقىل بولۇشلىقى ئوتكۇر سوئال - جاۋاپ بىلەن نېسىھەت هەم ۋەسىيەت قىلىنىدۇ. سوئال مۇدىرخودىبىن نامىلىق سەلبى ئوبىۋرازنىڭ ئاغزىدىن بېرىلىپ، جاۋاپ مۇقبىل رۇشەندىل نامىلىق ئىجابى ئوبىۋرازنىڭ ئاغزىدىن ئېيتىلىدۇ. تۈزۈلۈشى «نەسرى - نەزىم» شەكلىدە بولۇپ، ئومۇمى كىتاپ 88 سوئالغا 92 جاۋاپ بىلەن ئاياقلىشىدۇ.

كىتاپ تولۇق ئەمەس. ئوتتۇرىسى بىلەن ئايىغىدا بولۇپ بىر نەچچە ۋارىقى يوق. 1953 - ژىلى قەشقەردە رېھىم هاجى هاپىزدىن سېتىۋېلىنغان.

هەجمى : ئۇزۇنلىقى 21، ئېنى 13، قېلىنلىقى 2 س م.

76 ۋاراق (قوشۇمچە كىتاپنىڭ ئاخىرىدا شائىر زەلىلىنىڭ «تەزكىرى مۇھەممەت شېرىپ بۇزورگىۋار»، «ھەزرەت ھەيتى مۇھەممەت بۇزورگىۋار» ناملىق شېئىرى قىسىملىرى بار).

## مۇھەببەت توغرىسىدا داستانلار [1]

№19 №93

ئاۋتورى: ئابدۇرېھىم نازارى. شائىر بۇ ئەسەرنى 1837 — 1838 — ژىللىرى تۇرپان ۋېڭى پەرىدۇننىڭ تەكلىۋى بىلەن قەشقەردىن تۇرپانغا كېلىپ يېزىپ چىققان. بۇنىڭغا قەشقەر ۋالىسى زوھورىددىن ھېكىم تەشەببۇس قىلغان.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بەكمۇ كەڭ. «سەيدىن رابىيە»، «ۋامۇق ھوزرا»، «چاھار دەرۋىش»، «ئەسھا بۇلكەپ»، «لەيلى — مەجنۇن»، «مەزىن بىلەن گۈلنىسا»، «پەرھاد — شېرىن» قاتارلىق 7 داستان 11 ئېپىزوتتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ھەممىسى «ئارۇز» ۋەزنى، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس: «پەئولۇن، پەئولۇن، پەئۇل....» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان.

ئەسەر تولۇق بىر كىتاپ. شەكلى «خەمسە ناۋايى» غا ئوخشايدۇ. 1956 - ژىلى غۇلجا شەھرىدە تۇرۇشلۇق ئوسمان ئاخۇندىن ئېلىندى (ئوسمان ئاخۇن 1875- ژىلىدىن بېرى ساقلاپ كەلگەن).

---

1) ئاۋتور ئەسەرگە ئىسىم قويمىغان. بەزىلەر خەمسە دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىكەن. بىز ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ شۇ ئىسىمنى قويدۇق.



ھەجمى: ئۇزۇنلۇقى 31، ئېنى 23، قېلىنلىقى 4 س م. 24 مىڭ مىسرا بېيىت.

## كىتاپ غېرىپ

№20 №137

شېئىرى ماقالە. قەشقەر شائىرى تۇردىش ئاخۇن كاتىپ (غېرىبى) قەشقەر ۋالىسى زوھورىددىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1837 — (1257 - ھىجرى) ژىلى يېزىپ چىققان. مەزمۇنى: شۇ دەۋردىكى 32 خىل كەسىپنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ئىچكى زىددىيەتلىرى ئوتتۇرغۇر كومپايىت بىلەن تەسۋىر ئېتىلگەن.

ئەسەر 36 ماۋزۇ، 58 سوئال — جاۋاپ بىلەن تۈزۈلگەن. باش - ئايىغى بار. 1954 — ژىلى قەشقەردىن سېتىۋېلىندى.

ھەجمى : ئۇزۇنلۇقى 20، ئېنى 13، قېلىنلىقى 1س م 25 ۋاراق. 2150 مىسرا بېيىت.

## مەھزۇنۇلۋاھەزىن

№21 №3

ئېپىك تەسەۋۋۇپ پوئېما.

قەشقەر شائىرى نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) قەشقەر ۋالىسى زوھورىددىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1839 — (1259 - ھىجرى) ژىلى يېزىپ چىققان. مەزمۇنى: شائىر ھەرخىل سىياسى، ئىلمى، دىنى، تەنبىھ، تەسەۋۋۇپلار ئارقىلىق پادىشالارنى ئادالەت بولۇشقا چاقىرىدۇ.

ئەسەر تولۇق بىر كىتاپ بولۇپ، 6 ماۋزۇ، 7 ما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالە، 5 تەنبىھ ئاساسىدا تۈزۈلگەن. باش - ئايىغى بار. 1954 - يىلى قەشقەر ئاتۇش ناھىيىسىدىكى ئەمەت خېتىۋاجىمنىڭ قولىدىن ئېلىندى. بۇ كىشى 1900 - يىلىدىن بېرى ساقلاپ كەلگەن.

ھەجمى: ئۇزۇنلۇقى 19، ئېنى 13، قېلىنلىقى 3 س م. 100 ۋاراق، 4800 مىسرا بېيىت (1936 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن توپىلاڭدا بىر يىل كېيىنكى ئېچىگە كۆمۈپ قويغانلىقتىن ئەسەرنىڭ بەزى جايلىرى ئۇپرىغان).

## زۇپەرنامە

№38 №22

لىرو - ئېپىك پوئېما.

ئاپتورى: ئۇچتۇرپان شاكىر موللا. ئاپتور بۇ ئەسەرنى 61 يېشىدا 1864 - يىلى يېزىپ چىققان. مەزمۇنى: 1863 - يىلى مانجۇ خانلىقىغا قارشى كۇچاردا باشلىنىپ پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا قانات يايغان خەلق قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان. ماۋزۇلىرى مۇقىم ئەمەس. بەزى بابلىرىنىڭ ماۋزۇسى بېرىلىپ، بەزى بابلىرىنىڭ ماۋزۇسى يېزىلمىغان. لېكىن ئەسەر تولۇق ھەم باشتىن - ئاياق ئۆز سىيۇژېتىنى يوقاتمايدۇ.

بۇ ئەسەرنى 1923 - يىلىدىن بېرى قۇمۇللۇق شاكىر ئىمام ناملىق كىشى ساقلاپ كەلگەن ئىكەن. 1955 - يىلى ئىيۇندا ئۇنىڭ قولىدىن موزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: ئۇزۇنلۇقى 25، ئېنى 15، قېلىنلىقى 2 س م. 110 ۋاراق. 3720 مىسرا بېيىت.

كۈن ئولتادى مەغرۇپ سارىدا قىزىل
قىزىللىق ئىچىدىن كۆرۈندى قىزىل



دىدىلەر بۇ يۇرتنىڭ ئىچىدۇر قىزىل
ئىمارەت ئېنىڭ تۇپراغىدۇر قىزىل
كى دەريا ئاقادۇر ئىچىدۇر قىزىل
يەنە ئاب جارى ئاقادۇر قىزىل
بۇ قىز - جۇۋانلار سالاھى قىزىل
بۇ قىزلار قارادۇر ئىچىدۇر قىزىل
قىزىلنىڭ ئىچىدىن چىقىپ بىر قىزىل
قىزىلنىڭ تۇرغان يېرىدۇر قىزىل

## زۇپەرنامە شاھ باھادىرخان

№23 №138

تارىخىي پوئېما.

ئاپتورى: يەكەن شائىرى موللا ئابدۇلغاپپار. 1853 - يىلى يېزىلغان. مەزمۇنى: تۇرپان ۋاڭ ئەۋلادىدىن يەكەن (جەنۇبىي شىنجاڭ سەككىز شەھىرىنىڭ) ئومۇمىي ۋالىيسى ئاپىرىدىن شاھ باھادىرخاننىڭ نەسلى - نەسەبى، ئۇنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى 1847 - 1848 - يىللىرى بولغان ئاتۇش خەلقىنىڭ «ئىسيانى» ۋە بۇ ئىسيانغا قارشى باھادىرخاننىڭ «كۈرەش» لىرى سۆزلىنىدۇ. ئەسەر «ئارۇز» ۋەزنىدە كىرىش سۆزىدىن تاشقىرى 4 مۇخەممەت، بىر مۇقەددىمە، 15 داستان، بىر خاتىمىدىن ئىبارەت تۈزۈلگەن. شائىرنىڭ ئۇسلۇبىدا ئالاھىدە ئۇستىقانلىق، تىلىدا خېلى چىرايلىق ئوبرازلار بار.

ئەسەرنىڭ باش تەرىپىدە شاھ باھادىرخاننىڭ ئۆز تەرىپىدىن يېزىلغان «دىباجە مەنزۇمە شاھى» ناملىق شېئىرى داستاننىڭ بىر قىسمى (ئاپتورنىڭ ئۆز تەرجىمە ھالى) يېزىلغان. ئەمما ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قالغان. ئە-

سەر تولۇق. 1956 ـ ژىلى كۈچاردىن تېپىلدى.

ھەجمى: بويى 21، ئېنى 14، قېلىنلىغى بىر يېرىم س م. 66 ۋاراق. 2376 مىسرا بېيىت.

## غازات دەرمۇلىك چىن

№26 №24

تارىخىي ئېپىك پوئېما.

ئاۋتورى: غۇلجا شائىرى موللا بىلال بىننى يۇسۇپ (نازىمى). شائىر بۇ ئەسىرىنى 1873 – 1864 ـ ژىلى ئىلىدا بولغان خەلق قوزغۇلىڭىغا بېغىشلاپ يازغان. تۈزۈلىشى «نەسىرى ـ نەزىم» ئۇسلۇبىدا بولۇپ، بۇ نۇسخە 1925 ـ ژىلى ئاقسۇدا كۆچۈرۈلگەن.

ئەسەر تولۇق بىر كىتاپ. بېشىدا بىر ۋارىغى يوق. 7 ۋارىغىنىڭ ئاستىنقى ئۈچى ئۈپرىغان. 1953 ـ ژىلى ئۈرۈمچىدە سېتىۋېلىندى.

ھەجمى: ئۇزۇنلىغى 21، ئېنى 16، قېلىنلىغى 1 يېرىم س م. 77ۋاراق. 4081 مىسرا بېيىت.

## نورۇز نامە

№62 №25

توپلىغۇچى ۋە تۈزگۈچى غۇلجا سىنۇرشا ـ ئاخۇن ئوغلى. 1933 ـ ژىلى توپلانغان. ئاخىرىدا نازىمنىڭ ئۆز تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بەزى قوشاقلىرىمۇ بار. نورۇز نامىلار تامام مۇخەممەس شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، بىر قىسمى باھار ھەققىدە لىرىكا، بىر قىسمى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوچىلىق



ھەققىدە ئېپىك باياندىن ئىبارەت. تۈزگۈچىنىڭ قوشاقلىرى تولاراق بېيىت شەكلىدە تۈزۈلگەن نېسىھەتئامىز ھەجۋىيلىرىمۇ بار.

توپلام تولۇق ئەمەس. باش تەرىپىدە مەلۇم ۋاراقلىرى يوق. 1955 ـ ژىلى غۇلجىدىن تېپىلغان.

ھەجمى: ئۇزۇنلىغى 17، ئېنى 11، قېلىنلىغى س م. 61 ۋاراق. نورۇزنامە 119 قوشاق، 175 كۇبلېت.

كەلدى نورۇز ژىل بېشى، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى
نورۇز دىبان كىاۋرلەر خوتۇنلارنىڭ تورۇكىنى.
گۈللەر قىسىپ قىز ـ ئوغۇل ئەگرى قويار بورىكىنى
مەجلىس قىلىپ ئوينۇشۇر ئاچۇر كۆڭۈل بۇلىكىنى
قايغۇ مېھنەتلەر كېتىپ ئوينۇشۇر كۈندۈر بۇگۈن.

## ۋامۇق ـ ھوزرا

№37 №26

ئىشقى داستان.

نەسىرى ئاۋتورى: شەيخ مۇئمىن. 1691 ـ ژىلى ئافغانىستاننىڭ كىرمان شەھرىدە. كۆچۈرۈلگەن. 1955 ـ ژىلى قولۇلدىن ئېلىندى. ئەسەر «نەسىرى ـ نەزىم» ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، سەنئىتكە تولىمۇ ئوبدان ئىشلىگەن. بىر ـ بىرسىگە ئوخشىمايدىغان ۋامۇق ـ ھوزرانىڭ ھاياتىي پائالىيىتىگە بېغىشلانغان 40 خىل رەسىم ئىشلەنگەن. تىلى پارسچە. ياخشى ساقلانمىغان. بېشىدا بىر ۋارىغى يوق، ئىككىنچى ۋارىغىنىڭ يېرىمى يوق.

ھەجمى: ئۇزۇنلىغى 24، ئېنى 14، قېلىنلىغى 5 س م. 405 ۋاراق. (5 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

## دىۋان ئىمرى

№96 — №27

ئاۋتورى: شائىر ئىمرى ( ۋاپاتى 1822 – يىلى ) 1873 – (1293 – ھىجرى) يىلى ئۇچتۇرپان شەھرىدە رەھمانقۇلى ناملىق خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. 1957 – يىلى قەشقەردىن سېتىۋېلىندى.

شېئىرلىرىدىن ئۈلگە.

تەلبەمەن شەھلا كۆزۈڭ ئالىۋسىدىن
ئۈزمۈدۈم باغىمدا ۋەسلى ئالىۋسىدىن
ھىجرى دەشتىدە ۋۇگۇرماغلىق بىلەن
يەتمىدىم ۋەسلىڭگە يول ئالىۋسىدىن

ئەسەر ژىپەك قەغەزگە يېزىلغان.

ھەجمى: بويى 32 ئېنى 20، قېلىنلىقى 4سم. 186 ۋاراق.

## دىۋان ئەرشى

№110 — №28

ئەرشى تەخەللۇساۋق بىر شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈپلام. ئاۋتورىنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان. يىلى مەلۇم ئەمەس. ئەسەر ئىشقى غەزەللەردىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندىكى بېيىت ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن:

سەيلى ئەشكىم لالەگۇندۇر لەئلى رەخشانىنى كۆرۈپ
خاتىرىم ئاشۇپتەدۇر زۇلپى پەرىشانىنى كۆرۈپ.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

بى نەۋا ئەرشى تىلەر روھى نەۋايىدىن پۇتۇھ



مۇرغىزارى ئىدرىم ئارا مۇرغى خوش ئەلھانىنى كۆرۈپ.

ھەجمى: بويى 19، ئېنى 12، قېلىنلىقى 3سم. 58 ۋاراق 1957 – يىلى يېڭىساردىن ئېلىندى.

## گۈلزار بىنىش

№109 — №29

ئالىم ۋە ئەدىپ ناقىس ( يېڭىسالىق ساۋىراخۇن خەپىتىم) 1887 – (1307 – ھىجرى ) يىلى باھاردا ئىران يازغۇچىسى شەيخ ئىنايىتۇللا ( ۋاپاتى 1677 – يىلى ) نىڭ « باھار دانىش » ناملىق زور رومانىنى پارسى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمىنى باشتىن – ئاياق شېئىر بىلەن تۈزگەن ۋە بۇ ئەسىرىنى « گۈلزارى بىنىش » دەپ ئاتىغان. شائىر كىرىش سۆزىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

بۇ نۇقسان نامىنى شەرھ ئەيلىگەن قۇل
توكەر مۇنداغ كوكۈل مەناسىدىن مۇل

دەر ئەردىم گاھى – گاھى بىرۇبائى
سالۇر ئىردىم تەخەللۇسقا بۇ داغى
كورەر ئىردىم تولا شائىر كىتابىن
ئوقۇر ئىردىم ۋاراقلاپ باب – بابىن
ناۋايى، خەمسە، بىدىل گۈلۈستان
ئىراقى، سەئدىۋ، جامى، نىستان

سەۋەپ بۇ كىم ئىشتىكەي خاس ئىلە ئام
مۇڭا گۈلزار بىنىش ئەيلىدىم نام

ئەسەر تولۇق ئەمەس. تەرجىمە رومانىنىڭ 4 - ھېكايىسىگە كېلىپ توختاپ قالغان. 1957 - ژىلى يانۋاردا يېگىنساردا تېپىلىپ ئىنىۋرسى كىچىك ساۋىراخۇن خەپتىم قولىدىن ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 36، ئېنى 23، قېلىنلىغى 1 يېرىم س م، ۋارىغى 244. ئەسەر شائىرنىڭ كۆپىيىسى بويىچە بولۇپ، ئوزى ئوبدان ساقلانغان. ئاخىرىدا بەردىۋان بولغىدەك پارچە شېئىرلىرى بار.

## بەھرۇل ئەبەر

№98 №30

ئىران شائىرى خىسىراۋ (ۋاپاتى 1325 - ژىلى) ئەسىرى بولۇپ، 1282 - (702 - ھىجرى) ژىلى پۈتۈلگەن. 1957 - ژىلى قەشقەردە مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى. ھەجمى: بويى 23، ئېنى 15 يېرىم، قېلىنلىغى 4 س م، 370 ۋاراق.

## دىۋان پۈزۇلى

№101 №31

مەشھۇر ئەزەر بەيجان شائىرى پۈزۇلى ئەسەرلىرى توپلىمى (ۋاپاتى 1555 - ژىلى) 1852 - (1272 - ھىجرى) ژىلى پۈتۈلگەن. ھەل جەدۋەل بىلەن چىرايلىق خەتتى پارسى بىلەن يېزىلغان. ئىچىدە «لەيلى - مەجنۇن» پوئېمىسى بىلەن 200دىن ئوشۇق پارچە شېئىرلىرى بار.

ھەجمى: بويى 17 يېرىم، ئېنى 12 يېرىم، قېلىنلىغى



2 يېرىم س م، 236 ۋاراق. ئەسەر تولۇق، 1957 - ژىلى يانۋاردا قەشقەردىن مۇزېيغە سېتىۋېلىندى.

## يۈسۈپ - زۇلەيخا

№102 №32

ئاۋتورى: ئابدۇراخمان جامى (ۋاپاتى 1492 - ژىلى). 1691 - (1111 - ھىجرى) ژىلى كۆچۈرۈلگەن پارىسچە نۇسخە. ئىبەر ژىپەك قەغەزگە ھەل جەدۋەل قىلىنىپ خەتتى پارسى بىلەن پۈتۈلگەن. ئەسەرنىڭ باش - ئايىغى ساق، ئوزى ئوبدان ساقلانغان. 1957 - ژىلى يانۋاردا قەشقەردە مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 19، ئېنى 12 يېرىم، قېلىنلىغى 3 يېرىم س م. 223 ۋاراق.

## مەسنەۋى شېرىپ پارسى

№97 №33

ئاۋتورى: جالالىدىن رۇمى (ۋاپاتى 1273 - ژىلى). بۇ قولىيازما ياخشى، نەپىس قەغەزگە چىرايلىق خەتتى پارسى بىلەن يېزىلغان. مەزمۇنى: دىن، شەرىئەت، ئەخلاق.

ئەسەر تولۇق. ياخشى ساقلانغان. 1957 - ژىلى يانۋاردا قەشقەردە مۇزېي ئىختىيارىغا سېتىۋېلىندى.

ھەجمى: بويى 24، ئېنى 15، قېلىنلىغى 7 يېرىم سانتىمېتر. 362 ۋاراق. (6 - رەسىمگە قاراڭسۇن).

## نەلۋەدە مەن

№108 №34

ئاۋتورى: ھىند شائىرى پەيزى. 1594 - ژىلى يازغان. قەشقەر يېگىنسارلىق، شائىر، خەتتات ناقىس (ساۋىراخۇن

www.uyghurkitap.com

خەپتىم) 1888 - ژىلى پۈتۈگەن.

ئەسەرنىڭ باش - ئايىغى ساق. ئوبدان ساقلانغان. 1957 - ژىلى يانۋاردا قەشقەرىيەگمساردا موزېيگە سېتىۋېلىندى.

ھەجمى : ئۇزۇنلىغى 24 يېرىم، ئېنى 13 يېرىم، قېلىنلىغى 2 س م. 142 ۋاراق.

## دىۋانى زوھورى

№100 №35

شائىر زوھورىنىڭ پارسچە شېئىرلىرى توپلىمى (ۋاپاتى 1615 - ژىلى). 1625 - (1115- ھىجرى) ژىلى نەپىس ژىپەك قەغەزگە چىرايلىق خەتتى پارىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن.

ئەسەرنىڭ باش - ئايىغى ساق. ئوبدان ساقلانغان. 1957 - ژىل قەشقەردە موزېي ئىختىيارىغا سېتىۋېلىندى.

ھەجمى: بويى 22 يېرىم، ئېنى 13 يېرىم، قېلىنلىغى 5 يېرىم س م. 553 ۋاراق.

## تەزكىرى ئارىسلانخان

№54 №36

تارىخىي پوئېما .

ئاۋتورى: قەشقەر شائىرى قاسىمى. 1799 - ژىل يېزىلغان.

مەزمۇنى: سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئارىسلانخاننىڭ خوتەنگە ئىسلام دىنى تارقىتىشتا قىلغان كۈرەشلىرى، بۇ دەۋرىدە بولغان يەر، دىخانلار مەسىلىلىرى ۋە بەزى قوشۇمچە تەنبىھلەر تەسۋىر قىلىنىدۇ. شېئىرى تىلىمۇ خېلى ياخشى.



ئەسەر تولۇق. 1954 - ژىلى قەشقەردىن تېپىلدى.

ھەجمى : بويى 17، ئېنى 10 يېرىم، قېلىنلىغى 3 سانتىمېتر، 48 ۋاراق. 2112 مىسرا بېيىت (مۇقاۋا ئىچىدە ئابۇنەسىر سامانى، يۇسۇپ قىدىرخان، توت ئىمامنىڭ تەزكىرىلىرىمۇ بار).

## پەند نامە[1]

№23 №37

ئېپىك تەساۋۇپ داستان.

ئاۋتورى: ئىسمايىل بەگ (بى نىشان). 1827 - ژىلى يېزىلغان. ئەسەر تامام پەند نەسىھەتنى ئاساس قىلغان ھالدا 11 باپتا بولۇنۇدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى 8 ماۋزۇ بىلەن پەيغەمبەرلەرگە مۇراجەت؛ ئىككىنچىسى 6 ماۋزۇ بىلەن ئىلىم ۋە ئەمەل؛ ئۈچىنچىسى 3 ماۋزۇ بىلەن قانائەت؛ تۆتىنچىسى 4 ماۋزۇ بىلەن نەپس، بەشىنچىسى 1 ماۋزۇ بىلەن ئادالەت؛ ئالتىنچىسى 2 ماۋزۇ بىلەن سېكبا (سەۋىر)؛ يەتتىنچىسى بىر ماۋزۇ بىلەن شۈكرە سانا؛ سەككىزىنچىسى 1 ماۋزۇ بىلەن ھايا؛ توققۇزىنچىسى بىر ماۋزۇ بىلەن دۇئا؛ ئونىنچىسى، بىر ماۋزۇ بىلەن ساخا (سېخىلىق)؛ ئون بىرىنچىسى 2 ماۋزۇ بىلەن خاتىمەدىن ئىبارەت.

ئەسەر «ئاروز» ۋەزنىنىڭ «تاقىماق (دېكلاماتسىيە)» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان .

ھەجمى : بويى 21، ئېنى 12 يېرىم، قېلىنلىغى 2 يېرىم س م 161 ۋاراق. 10 مىڭ 948 مىسرا بېيىت.

---

1) ئاۋتور كىتاپقا ئىسم قويمىغان. مەزمۇنىغا قاراپ بۇ ئىسىم قويۇلدى.

# II تەرجىمە ـ شەرھى ئەسەرلەر

## ئىسكەندەر نامە

№38 №135

ئاۋتورى: يونان يازغۇچىسى مەۋلانە مۇجەھر ھېكىم.
بۇ ئەسەر 8 ـ ئەسىردە ئەرەپ پادىشاسى ھارۇن رەشىتنىڭ
ئەمرى بىلەن يونان تىلىدىن ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىنغان
ئىكەن. 15 ـ ئەسىردە تېمىر تۆمۈر كورگاننىڭ ئەمرى بى‍ـ
لەن ئەرەپچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. 1876-
ژىلى ئاقسۇ «بەيزا» مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى مۇھەممەت ھۇ‍ـ
سەيىن ئەلىماخۇنۇم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1921 -
ژىلى ئۇنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت ئابدۇللا كۇچار ۋېگى
مىرزا ئىساقنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەھرىر قىلىپ، رەسىمى
.كىتاپ قىلىپ يېزىپ چىققان.

ئەسەر تولۇق. مەزمۇن جەھەتتە ئىسكەندەر زۇلقەرنەي‍ـ
نىڭ ۋەقە ۋە ھادىسەلىرى مۇپەسسەل تەسۋىر قىلىنىدۇ.
1953 - ژىلى كۇچاردىن تېپىلدى.

ھەجمى: بويى 55 ،ئېنى 36، قېلىنلىغى 8 س م 311 ۋاراق.
(7 - رەسىمگە قارالسۇن).

## ئەۋلىيالار تەزكىرىلىرى

### 1
### تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا

№39 №3

ئاۋتورى: شەيخ ئەتتار (ۋاپاتى 1230 - ژىلى). ئا‍ـ
لىم موللا سىدىق بەرشىدى (ئاتۇش) 1770 - (1190 -

1776



ھىجرى) ژىلى يەكەن ھاكىمى خوتەنلىك كېپەك بەگ تەشەب‍ـ
بۇسى بىلەن بۇ كىتاپنى يەكەندە پارس تىلىدىن ئۇيغۇر
تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. مەزمۇنى: تولۇق كىلىك. ئوتتا
ئاسىيادا ئۆتكەن ئاتاغلىق ئەۋلىيالارنىڭ تەرجىمە ھالى بىلەن
«كاراەتلىرى» ئۆتكۈر خىيالى بەدىي ئۇسلۇبتا تەسۋىر
قىلىنىدۇ. بۇ نۇسخە 1826 – (1246 ھىجرى)ژىلى خەتتات مول‍ـ
لا خوجا مەنىياز مەھەممەتنىياز كاشغەرى تەرىپىدىن پۈتۈلگەن.
ھەجمى : بويى 43 يېرىم، ئېنى 30، قېلىنلىغى 5 يېرىم
س م 203 ۋاراق.

### 2
### تەزكىرە بۇغراخان

(ژۇقۇرقى كىتاپ ئىچىدە)

№40 №3

بۇ كىتاپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ما‍ـ
زىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان شەيخلەرنىڭ تەرجىمە ۋە ۋاقىئە‍ـ
لىرى ئۈستىدە يېرىم خىيالى، يېرىم رىيالىست ئاساسىدا
تۈزۈلگەن بولۇپ، نامەلۇم ئاۋتور تەرىپىدىن پارسى تىلى‍ـ
دا يېزىلغان. 1770 – (1190 – ھىجرى) ژىل قەشقەر ئىمى‍ـ
تىدە ئولتۇرۇشلۇق گاداي مۇھەممەت بەگنىڭ ئوغلى ئاب‍ـ
دۇلتەپ بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ژۇقۇرقى مەھەممەت سى‍ـ
دىق ئاتۇشى تەرجىمە قىلىپ چىققان.

ئەسەر بىر مۇقەددىمە، ئۈچ مەخسەت، قىرىق باپ، ئوتتۇز
پەسىل،بىر خاتىمىدىن ئىبارەت. كىتاپنىڭ باش ـ ئايىغى تولۇق.
خېتى ياخشى. ئۆزى ئوبدان ساقلانغان. 1957 - ژىلى يان‍ـ

ۋاردا ئاتۇشتىن تېپىلدى.

ھەجمى: بويى 43 پېرىم، ئېنى 30، قېلىنلىقى 4 س م

## تارىخىي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى

№41

№8

ئەدىب ۋە ئالىم مۇھەممەت سادىق كاشغەرى (ۋاپاتى 1849 - ژىل). 1846 - (1266 - ھىجرى) ژىلى ئەدىب تارىخچىسى مۇھەممەت جۇۋەير تەبىرىنىڭ «تارىخ تەبەرى» ناملىق كىتاۋىنى شۇ نام بىلەن تەرجىمە قىلىپ مەلۇم باپلار قوشۇپ تولۇقلاپ چىققان. تەرجىمىگە قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمى ئىسكەندەر ۋاڭ تەشەببۇس قىلغانلىقتىن ئەسەرنى «تارىخىي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامە شاھى» دەپ ئاتىغان. بۇ نۇسخە ئاۋتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان. كىتاپ باشتىن - ئاياق تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن 3 - تومنىڭ ژۇقۇرىسى تېپىلمىدى.

ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسى قەشقەر كونا شەھەردە ئىمىر ھوسۇيۇن قازاخۇنۇم قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن ئىكەن. 1957 - ژىلى موزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى. باش - ئايىغى بار. خېتى ئوچۇق يېزىلغان. ئوبدان ساقلانغان.

ھەجمى: بويى 28 پېرىم، ئېنى 20، قېلىنلىقى 6 س م 398 ۋاراق.

تەرجىمان كىتاپنىڭ ئايىغىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ.

كۆڭلى خىلۋەت ئىچرە بولدۇم قىلمىدىم سەيرى چەمەن
بوستانۇ باغ كورمەي نى سەھەرنى، نى شەجەر
جەھد قىلدىم 3 ژىل ئىچرە ئەيلىدىم سەئى بەلىغ
شۈكرەلىللا كىم تامام بولدى خەلەلسىز بىنخەتەر.



## شاھنامە

№42

1164 №5

ئاۋتورى: ئۇلۇق ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (ۋاپاتى 1025 - ژىلى). بۇ كىتاپنى ئەدىب پازىل موللا خامۇشاخۇن يەركەندى 1791 - (1211 - ھىجرى) مايۇن ژىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. تەرجىمە شاھنامىنىڭ تۆۋەندىكى يېرىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاۋتورنىڭ يېزىشىچە ژۇقۇرقى يېرىمىنى 1687 - ژىلى يەكەن ھاكىمى دانىيال غوجام ئوغلى غوجا جاھان غوجام ئەمرى بىلەن «ئاخۇن موللاشاھ ھىجران» ناملىق ئالىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. لېكىن ئۇ، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇشتا كۆيۈپ كەتكەن ئىكەن. ئەسەر تولىمۇ پەسىھ ئۇسلۇپتا ئېلىپ بېرىلغان. ئاۋتور كىتاپ ئايىغىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

تەمام ئەيلىدىم مەن بۇ شەھنامەسىنى
ئېپاپ ئىلگىمە ئەنبەرنى خامىنى
. . . . . . . . .

كە تارىخ ئېلىپ لەبزى تارىخ بىلە
ژىلى مايمۇن ئىردى مۇھەررەم ئونى
. . . . .

كوكۆل پۇر خىيالەت ئوزۇم كىم خىرەر
كە ئەھلى خىرەد ئەيىپ قىلماڭ مېنى

ئەسەرنىڭ باش - ئايىغىدىن 3 ۋاراق يوق. خېتى ئوچۇق يېزىلغان. 1957 - ژىلى يەكەندە ھېيتخاندىن مۇ-

زىي ئىختىيارىغا سىتىۋېلىندى.

ھەجمى: بويى 41 يېرىم، ئېنى 27، قېلىنلىقى 5 س م 214 ۋاراق.

## سىيەر شەرىپ

№1 №43

ئاۋتورى: مەۋلانا مۇئمىن (ۋاپاتى 1230 – ژىل). مۇھەممەت رەھىم كاشغەرى 1687 – ژىلى (1107 – ھەجرى) ژىلى ئاپپاقغوجىنىڭ كىچىك ئوغلى غوجام پادىشا (شادى غوجام) ئەمرى بىلەن پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

مەزمۇنى: مۇھەممەت پەيغەمبەر تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللار، پەيغەمبەرلىك كەلگەندىكى ئەھۋاللار، پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ۋە ئاخىرقى ئەھۋاللار بولۇپ 4 باپقا بولۇنۇدۇ. بۇ باپلار ھەر خىل ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن تۈزۈلگەن.

ئەسەر تولۇق. 100 ژىلدىن بېرى قەشقەرلىق مۇھەممەتخان قولىدا ساقلانغان. باش – ئايىغى بار. 1957 – ژىلى يانۋاردا مۇزېيغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 47، ئېنى 33، قېلىنلىقى 4 س م 560 ۋاراق.

## رىسالەئى ئەزىزىيە

№16 №44

دىنىي تەسەۋۋۇپ. شائىر سوپى ئاللا يار ئەسىرى «سۇبا تۇلئا جىزىن» غا تاتار ئالىمى تاجىدىنىنىڭ شۇ نام



بىلەن قىلىغان شەرھى. بۇنى قاچاندۇر نامەلۇم بىر ئاۋتور ئۇيغۇر تىلىغا ئايلاندۇرغان. كىتاپتا تۇۋەندىكىلەر يېزىلغان.

«. . . بۇ كىتاپنى نوغاي ئالىملىرىدىن مەۋلانا تاجىدىن لەپزى نوغاي بىلەن شەرھ ئەيلىگەنلەر. پېقىر بىچارە زەۋق ئەيلەپ نوغاي لەپزىنى ئۆزىمىزنىڭ سوزىگە كەلتۈرۈپ يېزىۋالدىم . . . . .»

كىتاپ قېلىن قەغەزگە خەتتى پارسى بىلەن يېزىلغان. باش – ئايىغى بار.

ھەجمى: بويى 19. ئېنى 13. قېلىنلىقى 7 س م. 426 ۋاراق. 1957 – ژىلى يانۋاردا قەشقەردىن ئېلىندى.

## قىساسىل ئەنبىيا

№12 №45

ئاۋتورى: نەشپۇر رابغۇزى. . . . . بۇنى قەشقەر رابات غوزىنىڭ قازىسى بۇرھاندىن ئوغلى قازى نەسىرىددىن 1686 – (1109 – ھەجرىيە) ئىنچى ژىلىدا پارسى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئوز قەلىمى بىلەن يازغان. ئوزى تۇرغان جايى نامى بىلەن «قەسەسى رابغوزى» دەپ ئاتىغان.

ئەسەر تولۇق ئەمەس. ئايىغىدىن بىر قانچە ۋاراق يوق. 1957 – ژىلى قەشقەردىن موزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 33، ئېنى 18، قېلىنلىقى 6 س م، 277 ۋاراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاسار ئىمامىيە

(كەلىلە دەمنىيە)

№46 №9

ئاۋتورى: ھىندى يازغۇچىسى ۋە فىلوسوفى بىد باي بىرەھمەن. بۇ ئەسەر مۇللا مۇھەممەت تومۇر كاشغەرى تەرىپىدىن 1711 - (1131 - ھىجرى) ژىلى پارىسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭغا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھوكۇمران پىشۋاسى مۇھەممەت ئىمام بەگ سەۋەپ بولغانلىغى ئۈچۈن ئاۋتور تەرجىمىنى «ئاسار ئىمامىيە» دەپ ئاتىغان. مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ. ھىند فىلوسوفىيىسىنىڭ ئاساسى دېيىش مۇمكىن.

ئەسەر تولۇق. ياخشى قەغەزگە 1880 - ژىلى پۈتۈلگەن ۋە ئۇبدان ساقلانغان. بۇ كىتاپنى ئاتا - بوۋىسىدىن ساقلاپ كەلگەن قەشقەرلىق قادىر بەگ قولىدىن 1957- ژىلى يانۋاردا موزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 24 يېرىم، ئېنى 14، قېلىنلىغى 5 367 ۋاراق. ئەسەردىن بىر نەمۇنە.

ئەدەۋلاپى مەسرۇر مۇھەببەت ئۇرار،
مەگەر دانىش ئەھلى بىلەن بولسا دوس.
ھېمىشە ژىلان بىر تەبىەت تۇرار،
مەگەر - زاھىرەن تاشلىغان بىلەن پوس.

2

№47 №14

بۇ نۇسخىنى يەكەندە خەتتات روزاخۇن نىياز ئوغلى 1810 -(1230 - ھىجرى) ژىلى پۈتۈگەن.



ئەسەرنىڭ باش - ئايىغى تولۇق. ئوبدان ساقلانغان. 1957 - ژىلى 15 - يانۋاردا قەشقەرلىق غۇلام قادىردىن مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 30، ئېنى 19، قېلىنلىغى 4سم. 258 ۋاراق.

## نەپەھاتۇل ئۈنس

№48 №10

ئاۋتورى: ئاناغلىق تاجىك ئالىمى ئابدۇراخمان جامى. پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلغۇچى ھەم تەرجىمە ۋاقتى مەلۇم ئەمەس. سوز ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا ئالتىشەھەردە تەرجىمە قىلىنغانلىغى مەلۇم. كىتاپ مەزمۇنى جەھەتتىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. 12 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە ئۆتكەن 30 دىن زىيادە ئالىملارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلۇدۇ.

1957 - ژىلى يانۋاردا قەشقەردە موزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى27 يېرىم، ئېنى 18، قېلىنلىغى 4 يېرىم. سم. 368 ۋاراق. باش - ئايىغى ساق. ئوبدان ساقلانغان.

## ھىدايەتۇل ماساكىن

№49 №15

يەكەنلىك موللا پادىشاھ ئاخۇن ئىسىملىك تەرىپىدىن پارسچىدىن ئەھمەتى رومىنىڭ «ھاقائىقۇد داقائىق» كىتاۋىغا قىلىنغان تەرجىمە. ئىسمى بۇ كىتاپنى مۇھەممەت ئەمدى بەگ ئوغلى مۇھەممەت ھەسەن بەگنىڭ ئەمرى بىلەن تەرجىمە قىلىپ «ھىدايەتۇل ماساكىن» - دەپ نام بەرگەن.

ۋىلى مەدىنە ( ئەرەبىستان ) شەھرىدە ئەرەپچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

1957 - ژىلى يانۋاردا قەشقەردە سېتىۋېلىندى. ئەسەر تولۇق تەرجىمە قىلىنغان.

ھەجمى بويى 23 سېنتىم، ئېنى 14 سېنتىم، قېلىنلىقى 6 س م. 200 ۋاراق.

## رىيازۇل مۇزەككىرىن

№20 №54

ئاۋتورى: قەشقەر ئۇلىماسى ئاخۇن موللا كالان. 1770 - ژىلى پارس تىلىدا يېزىلغان. موللا مۇھەممەت ئەيسا 1790 - ژىلى يەكەن ھوكۇمدارى كىچىك بەگنىڭ قىزى ئايشە خېنىم تەكلىۋى بىلەن تەرجىمە قىلغان. مەزمۇنى: دىنىي تەسەۋۋۇپ. ئەسەرنىڭ كىرىش سوزىدىن بىر - ئىككى بېيىت.

گەر ئىنساپ بىلەن باقساڭ ئى دوست جان.
بېرىپ جان كىگۇزدۇم داغى سوزگە جان.
خۇدايى جاھانغا پاراۋان سەپاس.
بلۇرلەنل قەدرىنى گوھەر شۇناس .

ئەسەر تولۇق. 1957 - ژىل يانۋاردا قەشقەردە مۇزېي ئېختىيارىغا ئېلىندى .

ھەجمى : بويى 22 . ئېنى 14 ، قېلىنلىقى 4 سېنتىم س م . 160 ۋاراق.

## ماناقىبى غەۋسىيە

№118 №55

مۇھەممەت سادىق سودى تەرىپىدىن ئەھمەتئاباد شەھىرىدە يېزىلغان شۇ نامدىكى كىتاپنىڭ تەرجىمىسى. ئەسەر



كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ. سوز ئۇسلۇبى جەھەتتىن مۇھەممەت سادىق كاشغەرىنىڭ ئەسىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ھەجمى: بويى 26 ئېنى، 16، قېلىنلىقى 1 سېنتىم س م سانتىمېتر. 179 ۋاراق. ئەسەر تولۇق.

## دۇررۇل ماجالىس

№56

№17

رەھمان قۇلى موللا يامغۇرچى ئوغلى شۇ نامدىكى پارىس تىلىدا يېزىلغان كىتاپنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئاۋتور كىرىش سوزىدە توۋەندىكىلەرنى يازىدۇ.

«. . . . ئىمىر كامران نابدۇر اخمانبەگ گادايي مۇھەممەت بەگ ئوغلى بۇ پەقىر نامراتقا خىتاپ قىلىپ ئېيدىكىم، بۇ كىتاپتا شېرىن ھىكايىلەر، دىلپەزىر رىۋايەتلەر بار ئەكەن. لېكىن بۇ موغۇلىستان ئۇلۇسىنىڭ ئەلپازى تۈركى بولغاندىن بۇ كىتاپ تۈركى تەرجىمە قىلىنسا . . . . »

مەزمۇنى دىنىي تەسەۋۋۇپ، ئەسەر تولۇق. باش - ئايىغى بار. 1957 - ژىلى يانۋاردا مۇزېيگە ئېلىندى .

ھەجمى: بويى 22، ئېنى 15 سېنتىم، قېلىنلىقى 5 سانتىمېتر. 250 ۋاراق.

## رەۋزەتۇل ئەھباب

№57

№7

ئاۋتورى: ھوسەيۇن كاشىپى ئالىم مىسىر ئابىدوددىن 1764 - (1184 - ھىجرى) ژىلى قەشقەر تەختىدە ئولتۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇشاۋۇق شاھ گادايي مۇھەممەتبەگنىڭ مىرھۇردارى مولىلا دولەتاخۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارسىچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

ئەسەر تولۇق. ياخشى قەغەزگە چىرايلىق خەتتى پارسى بىلەن يېزىلغان. كىتاپ نوزى ئوبدان ساقلانغان. 1957- ژىلى قەشقەردىن سېتىۋېلىندى.

ھەجمى: بويى 39 يېرىم، ئېنى 19، قېلىنلىقى 7 يېرىم سم 486 ۋاراق.

## تۈرك لۇغەتلىرى دىۋانى كىتاۋى

1

№58 | №129

ئەھمەت زىيائى تەرىپىدىن 1953 - 1954 - ژىللىرى قەشقەر ۋالىسى سەيپۇللايۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەر مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تىلچىسى مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن كاشغەرىنىڭ بۇندىن 10 ئەسىر ئىلگىرى ئەرەپ تىلىدا يازغان «كىتاپ دىۋان لۇغەت تۈرك» ناملىق ئۇيغۇر تىل ۋە گىراممانىكىسىغا دايىر مەشھۇر كىتاپىنىڭ تەرجىمىسىدۇر. بۇ كىتاپ 3 توم بولۇپ، بىرىنچى تومى 472 بەت، ئىككىنچى تومى 246 بەت، ئۈچىنچى تومى 270 بەتتىن ئىبارەت.

ئەسەرنى تەرجىمان، بىر بەتنىڭ يېرىمىغا كىتاپىنىڭ ئۆز ئەينىنى زىر - زەۋەرلىك ئەرەپ يېزىغى بىلەن پۈتۈپ چىقىپ ئىككىنچى يېرىمىغا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى خەتتى پارسى بىلەن يېزىپ تامام قىلغان.

ئەسەر تولۇق. 1956- ژىلى موزېيي ئىختىيارىغا ئېلىندى.



ھەجمى: بويى 30، ئېنى 20، قېلىنلىقى 8 يېرىم سم 494 ۋاراق.

2

№59 | №72

بۇ نۇسخە بىرىنچى تومنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، 1946 - ژىلى چوچەكتە مەرھۇم ئىسمائىل داموللام تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭ ژۇقۇرقى تەرجىمىدىن پەرقى، بۇنىڭدا تەرجىمان تولاراق ئەركىن پىكىر ژۈرگۈزگەن. ئەمما تىلىدا خۇددى ئەرەپچىنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلغاندەك تولاراق ئەرەپچە ئىبارىلەر نورۇن ئالغان.

ھەجمى: بويى 37، ئېنى 29، قېلىنلىقى 4 سم مېتر. 232 بەت.

# III تارىخى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر

## مۇپتاھىل ئۇلۇم

№60 №133

ئاۋتورى: مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئىبنى ياقۇپ يۇ-
سۇپ ئىبنى ئىبنى بەكر مۇھەممەت ئىبنى ئىلى سەككاكى
(ۋاپاتى 1306 - ژىلى). ئالىم بۇ كىتاپنى 1290- ژىلى ئەـ
رەپ تىلىدا يېزىپ چىققان. مەزمۇنى تىل، ئەدەبىيات مەسىلىسى
ئۈستىدە 13 تۈرلۈك ئىلىمغا دائىر بولۇپ، تولىمۇ چوڭـ
قۇر يېزىلغان.

1957 - ژىلى يانۋاردا قەشقەردە موزېيغە سېتىۋېلىندى.
ھەجمى: بويى 27، ئېنى 20، قېلىنلىغى 2 يېرىم
س م 319 ۋاراق.

## مەجمۇئەتۇل ئەھكام

№61 №115

خوتەن قارىقاشلىق مۇھەممەت ئىۋەز قارىقاشى، XIV
ئەسىردە مىرزا شاھ بەگ دوغۇلات تەشەببۇسى بىلەن يازغان
ئىلمىي ئۇچۇم كىتاۋىدۇر (ژىل ، پەسىل، ئاي، كۈن ۋە
ۋۇلتۇزلار تەرىپ قىلىندى). 1957 - ژىلى قەشقەردىن
سېتىۋېلىندى.

ھەجمى: بويى 23، ئېنى 11، قېلىنلىغى 5 س م



## تەزكىرى ئەزىزان

№62 №128

ئاۋتورى: ئالىم ۋە ئەدىپ مۇھەممەت سادىق كاشغە-
رى. 1771 - ژىلى يېزىلغان. ئاۋتورنىڭ بۇ ئەسەرنى
يېزىشىغا شۇ دەۋردىكى قەشقەرنىڭ ھاكىمى مىرزا ئوسـ
مانبەگنىڭ ئانىسى رىھىم ئاغىچا مەسلىھەت قىلغان.

مەزمۇنى خېلى كىڭ ۋە ئوبدان فاكتلارغا ئاساسلانغان.
مەسىلەن: ئەسەر مەخدۇم ئەزەمنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدىن باش-
لىنىپ ئاپپاق غوجىنىڭ دەۋرى، ئاپپاق غوجا بىلەن جۇنغار
خانلىغىنىڭ بىرلەشمە دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان
ئاپپاق غوجا باللىرىنىڭ دەۋرىنى تەپسىلى سوزلەيدۇ.
ھەتتا، بەزى مەسىلىلەر ئاۋتور تەرىپىدىن كەسكىن تەنقىت
قىلىنىدۇ. بۇنى ئاپپاق غوجا دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇپەسسەل تا-
رىخى دېيىش مۇمكىن.

ئەسەر تولۇق. 1825 - ژىلى قەشقەردە موللا مۇ-
ھەممەت سۇلتان كوچۇرگەن. 1955 - ژىلى قەشقەردىن تېپىلدى.
ھەجمى: بويى 31، ئېنى 22، قېلىنلىغى 4 س م
166 ۋاراق. (8 - رەسىمگە قاراڭسۇن).

## زۇبدەتۇل ماسائىل

№63 №114

مۇھەممەت سادىق كاشغەرى 1840 - (1260 - ھىجرى)
ژىلى يېزىپ، شۇ كۈننىڭ قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمان-
بەگكە تەقدىم قىلغان. مەزمۇنى: شەرىئەت قائىدىلىرىنى، مىل-

لمى ئادەت، تەلەپلەرگە جىپسىلاشتۇرۇۋېلىپ بېرىشىنى تەشەب-
بۇس قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە ئەمەلىي فاكتلار
بىلەن ھېكايىلەر سوزلۇنۇدۇ.

ئەسەر تولۇق، باش - ئايىغى بار. نوزى نوبدان
ساقلانغان. 1957 - ژىلى يانۋاردا قەشقەردە ئېلىندى.

ھەجمى : بويى 21، ئېنى 12، قېلىنلىغى 4 س م.
224 ۋاراق.

## تەزكىرە ئەسھابى كەھەپ

№64

№111

مۇھەممەت سادىق كاشغەرى 1844 - (1264 - ھىج-
رى) ژىلى يېزىپ چىققان. ئاۋتور بۇنىڭغا قۇرئاندىكى
ئەسھابى كەھەپ ھېكايىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرپاندىكى
«ئەسھابۇلكەب» غارىنى ھېكايە قىلىدۇ. ئەسەر تولۇق ۋە
ئاۋتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان. 1957 - ژىلى قەش-
قەردە سېتىۋېلىندى.

ھەجمى: بويى 30، ئېنى 18، قېلىنلىغى 3 س م
21 ۋاراق.

## سىدىقنامە 1)

№65

№77

ئاۋتورى: ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى،
ئاۋتور بۇ ئەسەرنى 1780 - ژىلى ئىران ئالىمى قابۇس-

1) ئاۋتور ئۆز ئەسىرىگە ئىسىم قويمىغان، مەزمۇنىغا قاراپ
بۇ ئىسىمنى بىز قويدۇق.



نىڭ 1035 - ژىلى ئوغلى كىلانشاغا نېسىھەتنامە تېرىقىسى-
دە يېزىپ قالدۇرغان «قابۇسنامە» سىغا تەقلىت قىلىپ ياز-
غان. بۇنىڭغا قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ يار-
دەم قىلغان. مەزمۇنى تولىمۇ كەڭ. سىياسەت، قانۇن، ئىلىم،
پەلسەپە، ئەدەبىيات، دىن، تۇرمۇش توغرىسىدا مەسلىھەت
قىلىدۇ. بۇ نېسىھەتلەر 44 بابقا بولۇنۇپ يېزىلغان. لېكىن
ئۇسلۇبى «قابۇسنامە» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان.

- ئەسەر تولۇق ئەمەس. ئايىغىدا بىر قانچە ۋارىقى يوق.
1800 - ژىلدىن بېرى يەكەن تەۋەسىدە ساقلىنىپ كەلگەن
ئىكەن، 1956 - ژىلى ئىيۇلدا يەكەن ناھىيىلىك مەدەنى ما-
ئارىپ بولۇمى ئارقىلىق مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى.

ھەجمى: بويى 33 ، ئېنى 20، قېلىنلىغى 3 س م،
106 ۋاراق. (9 - رەسىمگە قاراڭلار).

## تەزكىرى جالالىدىن بۇخارى

№ 66

№51

ئاۋتورى: ھاجى موسا كۇچارى. مەزمۇنى بۇخارالىق
جالالىدىن بىلەن كۇچارلىق ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ شىمالىي
شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا قىلغان كۈرەشلىرى با-
يان قىلىنىدۇ. بۇ بايان خېلى ئىشەنچلىك تارىخىي فاكتلار بى-
لەن ئىسپات قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق. 1952 - ژىلى كۇچاردىن تېپىلدى.

ھەجمى: بويى 15 ، ئېنى 13 ، قېلىنلىغى 2 يېرىم
س م، 143 ۋاراق.

## تەزكىرى بۇغراخان

№40

№67

ئاۋتورى: موللا هاجى. قەشقەردىكى يۇسۇپ قىدىرخان مازىرىنىڭ بىر شەيخى. 1812 - ژىلى كوچۇرۇۋېلىپ شۇنىدىن بېرى ئۆز قولىدا ساقلاپ كەلگەن. 1953 - ژىل ئۇنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇۋېلىندى.

ئەسەر يېرىم خىيالى، يېرىم رېالىست ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، باشتىن - ئاياق بۇغراخاننىڭ جەڭ ۋە ئۇلۇغۋار خىسلەتلىرىنى سوزلەيدۇ.

ھەجمى: بويى 24، ئېنى 14 قېلىنلىغى 1 س م. 65 ۋاراق.

## ناۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىگى توغرىسىدا

№83

ئىلمىي ماقالە، ئاۋتورى ئېمىر هوسۇيۇن سابورى. ئاۋتور بۇ ماقالىنى 1840 - ژىلى زوهەيرىدىن هېكمەتنىڭ تەكلىۋى بىلەن ناۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەرى» سى ئۇستىدە چۇڭقۇر مۇلاهىزە ژۇرگۈزۈپ يازغان. ماقالە، ناۋايىنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين هەققىدىكى كوز قاراشلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يېشىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن «خەمسە ناۋايى»، شەيخ سەئىدى، هاپىز شېرازى، «خەمسە نىزامى» ئوخشاش موتىۋەر كىتاپ ۋە شائىرلاردىن نۇرغۇن ستاتىلار كەلتۇرگەن. ماقالە بىلەن بىرلىكتە ناۋايىنىڭ «مەهبۇبۇلقۇلۇپ»، «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسەرلىرى بار. هەممىسى ژىغىلىپ تولۇق بىر كىتاپ 1856 – ژىلى كوچۇرۇلگەن.



1956 – ژىلى ئىيۇلدا قەشقەرلىق رېھىم هاجى هامزدىن سېتىۋېلىندى.

ھەجمى: ئۇزۇنلىغى 24، ئېنى 14، قېلىنلىغى 3 س، م 183 ۋاراق (بۇنىڭدىن ماقالىنىڭ ئوزى 70 ۋاراق) باش – ئايىغى، تولۇق.

## تارىخ ئەمىنىيە

1

№8

№69

ئاۋتورى: موللا مۇساسايرامى (ۋاپاتى 1916 – 1917 – ژىل). 1903 – ژىلى يېزىلغان. ئەسەر، بىر مۇقەددىمە، ئىككى داستان، بىر خاتىمىدىن ئىبارەت كاتتا تارىخى هەم ئەدەبى ئەسەر بولۇپ، شىنجاڭدا 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولۇپ ئوتكەن ۋەقەلەرنى سوزلەيدۇ. بۇ ئەسەر 1904 – ژىلى بەزى جايلىرى قىسقارتىلىپ قازان باسمىسىدا نەشر قىلىنغان ئىدى. 1911 – 1912 – ژىللىرى ئاۋتور بەزى سەۋەپلەر بىلەن بۇنىڭغا بەزى ئوزگۈرۈشلەرنى كىرگۈزۈپ (بۇ ئوزگۈرۈش تولاراق ئەسەرنىڭ كىرىش سوزى بىلەن ياقۇببەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ)، «تارىخ هۇمەيدىيە» دەپ قايتا ئىسىملىغان. بۇ نۇسخىدىن 1955 – 1957 – ژىللىرى ئاقسۇ، قەشقەردىن بولۇپ ئىككى نۇسخە تېپىلدى.

ئەسەر تولۇق. ئاۋتورنىڭ ئوز قەلىمى بىلەن يېزىلغان.

ھەجمى: بويى 21، ئېنى 17، قېلىنلىغى 2 س م، 166 ۋاراق.

2

№11　　　　№70

بۇ نۇسخىسىنى قەشقەر تاشمىلىقلىق ھاجى يۇسۇپ
دېگەن كىشى 1907 – ژىلى 70 يېشىدا يېزىپ چىققان
(ۋاپاتى 1914 – ژىل). بۇنىڭ ژۇقۇرقى ئەسەردىن پەرقى؛
ئاۋتورنىڭ كوز قارشى، ئۇسلۇبى، تىلىدىكى ئوخشىماس-
لىقلاردىن تاشقىرى، فاكت تولاراق قەشقەر تەرەپتىن كەل-
تۈرۈلگەن. تارىخ ئەمىنىيەدە بولسا فاكت تولاراق ئاقسۇ
تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن.

ئەسەر تولۇق. خوتەن قەغىزىگە ئاددى قىلىپ كوچۇ-
رۇلگەن. 1952 – ژىلى قەشقەردىن تېپىلدى.

ھەجمى: بويى 25 يېرىم، ئېنى 24، قېلىنلىقى 7 س م
162 ۋاراق.

## لاتايپۇل لۇغەت

№15　　　　№71

ئابدۇللەتىپ بىننى ئابدۇللا تەرىپىدىن 15 – ئەسىردە
تۈزۈلگەن پارس تىلىدىكى ئەدەبى لۇغەت. 1697 – ژىلى
ئەردەۋىل (ھازىرقى ئاقسۇ) دا پۈتۈلگەن. 1957 – ژىلى
قەشقەردە ئوسمان ئاخۇن خەلپىتىم رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇر
تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

ئەسەر تولۇق ئەمەس. بېشىدا بىر ۋارىقى يوق. خو-
تەن قەغىزىگە پاكىزە كوچۇرۇلگەن.

ھەجمى: بويى 25، ئېنى 18، قېلىنلىقى 3 يېرىم س م
250 ۋاراق. 9600 سوز.



## شەرقىي تۈركىستان تارىخى

№130　　　　№72

11 ژىلى يېزىلغان.
ئاۋتورى: ئىمىن ھۇسەيىن، 1946- ژىلى يېزىلغان. 11
پەسىل 134 ماۋزۇدىن ئىبارەت تۈزۈلگەن بۇ چوڭ قولياز-
ما، شىنجاڭنىڭ ئۇمۇمى تارىخىنى بولۇپمۇ ئىلىنىڭ تارىخى-
نى سوزلەيدۇ. ئاۋتورنىڭ كوز قارىشى بىلەن ئىلى تەرەپ-
تىكى بەزى يېتىشسىزلىكلەرنى ئېتىۋارغا ئالمىغاندا، بۇ
ئەسەرنى شىنجاڭ تارىخى خۇسۇسىدا خېلى ئوبدان ماتېرىيال
دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئەسەر تولۇق. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاۋتورنىڭ «ما-
يىمخان»، «قارا ياغاچ مازارىنىڭ ئەھۋالى»، «روشەنباغ»،
«ئىلى ئۇيغۇرلىرى» دېگەن پارچە قوليازمىلىرىمۇ بار. 1955
ژىل ئاۋتورنىڭ ئوزى ئېۋەتكەن.

ھەجمى: بويى 23، ئېنى 15، قېلىنلىقى 5 س م 361 ۋاراق.

## ئىلى تارىخى

№131　　　　№73

ئاۋتورى، ئىمىنجان باھاۋىدىنوۋ (ۋاپاتى 1948 – ژىل).
ئاۋتورنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئەسەر 1926 – ژىللىرىدىن باش-
لاپ قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىدا بولغان بەزى سى-
ياسى ئوزگۇرۇشلەر نەتىجىسىدە يېزىلماي قالغان ئىكەن.
1946 – ژىلى يېزىلغان بولسىمۇ يەنە تاماملانماي قالغان.
مەزمۇنى خېلى ئوچۇق بولۇپ، ئىلى توغرىسىدا ئوبدان

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان. ئىلى دىگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن باشلىنىپ قاراخانىلار دەۋرى، جۇنغار خانلىغى، ئىلىغا مانجۇ خانلىغىنىڭ كېلىشى ۋە ئىلىدىكى. قوزغىلاڭ-لاردىن ئىبارەت 38 ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاۋتور-نىڭ ئۆز قەلىمى.

ھەجمى: بويى 25 يېرىم، ئېنى 21، قېلىنلىغى 1 سم. 47 ۋاراق.

## خاننىڭ تەسنىپ قىلغان ياخشى ئىشلارغا رىۋاج بېرىدىغان زورۇر سوزلىرى

№57 №74

1891 - ژىلى قەشقەر چاپخانىسىدا بېسىلغان قانۇن ۋە فىلوسوفىيىگە دايىر ئەسەر. بۇنى 1890 - ژىلى قەشقەردە مانجۇ تەرجىمانى پۇشىن بىلەن ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىدىن مەممەت قازى، تالىپ مىراپلار مانجۇ تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. تەرجىمىسى ناھايىتى ئوبدان. كىتاپ ئۇزى تولۇق. 1954 - ژىلى قەشقەردىن تېپىلغان.

ھەجمى: بويى 21، ئېنى 14 يېرىم، قېلىنلىغى 1 سم 31 ۋاراق.

### رۇبائى

بۇ تەرجىمە كىم چاپە قىلىندى رىبا
ھەر سەبىھىسى كىم گۇلۇستان كەبىدۇر دەنا
يازدى قەلەم ئۇشبۇ تەبىە تارىخىن كىم
چاپە ئولدى نېسىھەت خاقان ھالا



## مۇندەرىجە

بەت


I ئەدبى ـ ئىجادىي ئەسەرلەر .................... 1
مەشھۇر ئۇلۇغ ئاقايىق .................... 1
چاھاردىۋان .................... 2
خەمسە ناۋايى .................... 4
نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھوسەينبەگ .................... 5
«پەرھاد شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»نىڭ نەسرىسى .................... 6
ئىسكەندەر نامە .................... 6
مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام .................... 7
دىۋان زەلىلى .................... 8
دىۋان نوبىتى .................... 9
يۇسۇپ زۇلەيخا .................... 10
تەزكىرە ئىمام زەھموۇللا .................... 14
باياز .................... 11
غەزەل ئۇتىپى .................... 12
گۈل ۋە بۇلبۇل .................... 12
دۇررۇلمىنا جات .................... 13
مۇھەببەت توغرىسىدا داستانلار .................... 14
كىتاپ غېرىپ .................... 15
مەھزۇنىلۋاھىزىن .................... 15
زۇپەر نامە .................... 16
زۇپەر نامە شاھ باھادىرخان .................... 17
غازات دەرمۇلك چىن .................... 18

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇرۇز نامە .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 18
ۋامۇق ـ ھەزرا .. .. .. .. .. .. .. .. .. : 19
دىۋان ئىمرى .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 20
دىۋان ئەرشى .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 20
گۈلزار بىنىش .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 21
بەھرۇل ئەبەر : .. .. .. .. .. .. .. .. .. 22
دىۋان پۇزۇلى .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 22
يۇسۇپ زۇلەيخا .. .. .. .. .. .. .. .. .. 23
مەسنەۋى شېرىپ پارىسى .. .. .. .. .. .. .. 23
نىدائۋدە مەن .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 23
دىۋانى زۇھورى .. .. .. .. .. .. .. .. .. 24
تەزكىرى ئارسلانخان .. .. .. .. .. .. .. : 24
پەند نامە .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 25
II تەرجىمە ـ شەرھى ئەسەرلەر .. .. .. .. .. .. 26
ئىسكەندەر نامە .. .. .. .. .. .. .. .. .. 26
تەزكىرە بۇغراخان .. .. .. .. .. .. .. .. .. 27
تارىخىي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجىنامەئى شاھى .. .. 28
شاھنامە .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 29
سىپەر شېرىپ .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 30
رىسالەئى ئەزىزىيە .. .. .. .. .. .. .. .. 30
قىساسىل ئەنبىيا .. .. .. .. .. .. .. .. .. 31
ئاسار ـ ئىمامىيە .. .. .. .. .. .. .. .. .. 32
نىپە ھاتۇل ئۇنس .. .. .. .. .. .. .. .. .. 33
ھىدايەتۇل ماساكىن .. .. .. .. .. .. .. .. 33
شەرھى مۇبەييەن .. .. .. .. .. .. .. .. .. 34
مىرساتۇل ئۇباد .. .. .. .. .. .. .. .. .. 34
ئەخلاقۇل مۇھسىنىن .. .. .. .. .. .. .. .. 35
پارا ئىمزۇل ئەنۋار .. .. .. .. .. .. .. .. 35
رىيائۇل مۇزەككىرىن .. .. .. .. .. .. .. .. 36
ماناقىبى غەۋسىيە .. .. .. .. .. .. .. .. .. 36
دۇررۇل ماجالىس .. .. .. .. .. .. .. .. .. 37
رەۋزەتۇل ئەھباب .. .. .. .. .. .. .. .. .. 37
تۈرك لۇغەتلىرى دىۋانى كىتاۋى .. .. .. .. .. 38
III تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر .. .. .. .. .. 40
مۇپتاھىل ئۇلۇم .. .. .. .. .. .. .. .. .. 40
مەجمۇئەتۇل ئەھكام .. .. .. .. .. .. .. .. 40
تەزكىرى ئەزىزان .. .. .. .. .. .. .. .. .. 41
زۇبدەتۇل ماسائىل .. .. .. .. .. .. .. .. .. 41
تەزكىرە ئەسوابى كەھىپ .. .. .. .. .. .. .. 42
سىدىقنامە .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 42
تەزكىرى جالالىددىن بۇخارى .. .. .. .. .. .. 43
تەزكىرى بۇغراخان .. .. .. .. .. .. .. .. .. 44
ناۋايىنىڭ ئاددالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا .. .. .. 44
تارىخ ئەمنىيە .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 45
لاتايىپۇل لۇغەت .. .. .. .. .. .. .. .. .. 46
شەرقىي تۈركىستان تارىخى .. .. .. .. .. .. .. 47
ئىلى تارىخى .. .. .. .. .. .. .. .. .. : .. 47
خانىنىڭ تەسىنىپ قىلغان ياخشى ئىشلارغا رىۋاج بەرگەن
زورۇر سوزلىرى .. .. .. .. .. .. .. .. .. .. 48

## تۈزۈتۈش

| بەت | قۇر: ئۈستىدىن | قۇر: ئاستىدىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 4 | 11 | | «سەبئى سەييارە» | سەددى ئىسكەندەرى |
| 5 | | 12 | «بەھرەم» | ھەيرەتۇل ئەبرار |
| 10 | 2 | | ئاپرىلدا | ئاپرېلدا |
| 14 | 8 | | «لەيلى - مەجزۇن»، «مەزدن | «لەيلى-مەجنۇن»، «مەجنۇن |
| 18 | | 9 | 1873 - | 1873 - يىلى |
| 26 | | 9 | ممەدرىسىنىڭ | مەدرىسىنىڭ |
| 29 | 4 | | خرەر | خرەد |
| 35 | 10 | | ىغا | ئۇيغۇرچىغا |
| 45 | | 3 | مزدىن | ھاپىزدىن |

ئەسكەرتىش: مۇئەللىپنىڭ بايات، ئىلگىدەمەن، رە-
پاندۇل سۆزلىرى باياز، ئىلگىدەمەن، رەپازۇل مۇزەككىرىن
دەپ ئوقۇلسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتۇن



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تونۇلغان ئەدىبلىرىنىڭ بىرى يۈسۈپبەگ مۇخلىسوۋ 60 ياشقا توشتى. ئۇ 1920- يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، 1941- يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى تامامىلىدى. 1950- 1960- يىللاردا شىنجاڭ مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتىدە ۋە يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولدى.

ي. مۇخلىسوۋ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، يازغۇچى، دراماتورگ. خۇسۇسەن ئۇنىڭ ئىجادىي ئىشلىرىغا سوۋېت دىيارىغا چىققاندىن كېيىن داغدام يول ئېچىلدى. «قەشقەر دەپتىرى»، «سادىر پالۋان»، ئەسەرلىرى، «ئەسىردىن ئەپەندى قەشقەرلەردە» پيېسىسى، «ئەسىرلەر ۋە ئەسەرلەر» ناملىق ئىلمىي ئىشى ئوخشاش تونۇلغان ئەمگەكلەر ئەدىبنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.

بىز بۈگۈن ي. مۇخلىسوۋنىڭ «قەشقەر دەپتىرى» خاتىرىلىرىدىن «ئالتۇن» دېگەن ھېكايىسىنى گېزىتخانلارغا تەقدىم قىلدۇق.

---

ۋەتەندىن ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن جابدۇنۇۋاتقان پەيتلەر ئىدى. بىر كېچىسى ئۆيۈمگە بىر دوستۇم كېلىپ:

«قاچان ماڭىسەن؟» — دەپ سورىدى.

— دېكابىرنىڭ ئاخىرلىرىغا ماڭساق كېرەك.

— ئانداق بولسا، — ئۇ مۇرەمنى ئۇتۇپ يېنىمغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى، — مەن سىزگە مۇشۇ سەپىرىڭىز ئۈستىدە بەزى جەھەتتىن ياردەملىشەي دەپ كېلىۋېدىم.

— بۇ ئىلتىپاتىڭىزغا رەھمەت. خوش، ئېمىگە ياردەملىشەي دەپ كېلىۋېدىڭىز؟ — مەنمۇ دوستۇمغا بىر تەرەپتە سەمىمىيەت بىلدۈرسەممۇ، ئىككىنچى تەرەپتە ھەيران بولۇپ سورىدىم.

ئۇ بىر پەس ئۆيۈمدىكى جاھاز-جابدۇقلىرىمىزغا نەزەر سېلىپ چىقتى. ئۆيىمىزدە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۆزىمىزدىن ئاشىدىغان يوتقان- كۆرپە، ئىككى ياغاچ كاراۋات، ئالتە يەشىك كىتاپىمىزلا ئىدى. بۇلنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگەن دوستۇم:

— دېمەك، جاھاز-جابدۇقلارنى ئوزىتىڭىزمۇ جىمستان ئوخشايسىز، — دېدى كۈلكىسىنى توختىتىپ، — مەنمۇ بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېمەيمەن. سىزگە دېيدىغان سىرىم، سىز ۋەتەندە مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە 20 يىلدىن ئوشۇق ئىشلىگەن ئادەمسىز. «ئىچىڭىز» ئاز بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇنداقمۇ دەيمەن؟ ھە، شۇنداق! مانا شۇ «ياغىنى» ئېرىتىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن «داڭقۇر كالۋا» كېرەك. ئۇنى تېپىش ئۈچۈن قۇۋلۇق كېرەك. سىز ئۇنداق قۇۋلۇقلارنى بىلمەيسىز. قېنى، چىن سىرىڭىزنى ماڭا بىر دەپ بېقىڭا. قانچىلىك ئالتۇن- پالتۇلىرىڭىز بار؟ — ئۇ كىرپىك قاقماي كۆزۈمگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنداق قۇۋلۇقلارنىڭ بەش-ئالتە تۈرىنى ئۆزى سۆزلەپ چىقىپ يەنە سوئالىنى تەكرارلىۋېدى:

— ئالتۇن-پالتۇلىرىم بارۇ — بىراق ئۇنى ئېلىپ كېتەلمەيمەندە! — دېدىم مەن ئۇنىڭ كېچىلەپ كېلىپ غەمخورلۇق قىلىۋاتقىنىغا مىننەتدارلىق ئىزھار قىلغاندىن كېيىن.

— ھە، ئېمىشقا ئېلىپ كېتەلمەيسىز؟ يا بىرسىگە ئامانەت...

— ياق.

— ھە، بىلدىم- بىلدىم. بىر جايلارغا پىنھان ئەيلەپسىزدە؟

— ياق، ئالتۇننىڭ بولسىمۇ، توپىغا كۆمۈپ بولغانتىممۇ ئۇنى، برادىرىم.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق. توغرا ئېيتتىڭىز. خوش، شۇ چاغدا ئۇنى قانداق ئېلىپ كېتىسىز؟

— گەپ مانا شۇ يەردە. راس ئۇنى قانداق ئېلىپ كېتىشىم مۇمكىن؟

— ھە، ھە ئەندى چۈشەندىم. دېمەك، سىز دۇنيالىرىڭىز جىق بولسا كېرەك؟

— توغرا، ئۇ شۇنچىلىك جىقكى، ئۆلچىمى يوق ئىدى، ئەگىدىشى يوق چوڭ، تەرىپى يوق ئېگىز — ۋەتەن!

مېنىڭ مۇشۇ ۋەتەندىن باشقا ئالتۇنۇم يوق. مەن ئۇنى ھېچ يەرگە ئېلىپ كېتەلمەيمەن ۋە ھېچ كىمگە ساتالمايمەن. گەر بۈگۈن بېشىمغا كۈن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىمەن، بىر كۈنى يېنىپ كېلىپ يەنە ئۇنىڭ بىر زەررىسى بولۇپ قالىمەن. چۈنكى سەدەپسىز دۈرنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر؟!

بۇ كىشى ھازىر ئىستانبۇلدا - ئالمۇتادا شەرقى تۈركىستان ...

فاكتلار ماۋزۇمنى پاش قىلىدۇ

# قاسىم قوشاقچى

1964– يىلى ئەتىياز ۋاقتى
لىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى بور
تالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى
نىڭ «بورىتالا گېزىتى» رېداكسـ
يەسى مېنى «قاسىم قوشاقچى
خەلق كومموزىستىنى كۆزلەيدىـ
غان، ماۋزېدۇڭنى مەدھىيلەيدىغان
قوشاق توقۇپ بەرسۇن»، دەپ،
ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

مەن دوڭ بازىرى يېزىسىغا يې
رىپ، ئۇنىڭكە كىرگىنىمدە، ئۇ تۆگـ
لىنىپ ياتقان ئىكەن. ئۇينىڭ يېرى
مىدا سامان– مەڭگەن تۇرۇپتۇ،
بىر كىچىك قازان، ئىككى- ئۈچ
ئال قاچا- قومۇچ، بىر ئەسكى
چوگۈلدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈن
مەيدۇ. قاسىم ئاكا ئاستىغا سامان
سېلىپ، ئەسكى پالازنىڭ ئۈستىدە
بېشىغا مايلىشىپ كەتكەن تەھىينى
قويۇپ، جۇل-جۇل چەكمەن چاپا
نىنى يېپىنىپ ياتاتتى. ئۇينىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئومچۇك تورلىرى ساڭ
گىلاپ تۇراتتى. ئەينەكسىز دېرې
زىدىن كىرگەن قۇشقاچ- كەپتەر
لەرمۇ بۇ ئۇينى ماكان قىلىشى
ۋاپتۇ. پەيلەر تۇزۇپ تۇرۇدۇ.

—ئۇلار سىزنى قوشاق توقۇپ
بەرسۇن دەپ يەنە ئالدىڭىزغا ئە
ۋەتتى،— دېدىم. قاسىم ئاكا تەھىي
گە يۆلىنىپ ئولتاردى ۋە مېيىغىدا
كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە قانچى
لىك ئاچچىق- ئەپرەت ۋە زالالە
تنىڭ بارلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.
ئۇ كوزىنى بىر نوقتىغا تىككەن
ھالدا بىر ئازچىم تۇرۇپ، ئاندىن
—سەن ئۇلارغا قاسىم قوشاقچى:

چاقىپ تۇرىدۇ سەنەتكەرلەرنىڭ
ئايلىغى،
تۈزەلمەيدۇ مەندەكلەرنىڭ
گادايلىغى.
يالتار يېرىم بولدى خەقنىڭ
ساماللىغى،
قوشاق چىقماس، يوق كوڭۇلـ
نىڭ ئاراملىغى.

دەپ جاۋاپ بەردى دېگىن، شۇنىڭ
بىلەن مەن ئۇلاردىن قۇتۇلاي،—
دېدى.

—ياق، قاسىم ئاكا، ئۇلارغا بۇ
نى ئېيتىپ بېرىشتا بولمايدۇ،
نەق ياخشىسى قاسىم قوشاقچى
ئاغرىپ ياتىدۇ، ئۇنىڭـ
دىن قوشاق چىقمايـ
دۇ دەپ بارغىنىم دۇرۇس، مەن
سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن. سىز
ئوتمۇش ۋە بۈگۈنكى كۈنلەرنىڭ
گۇۋاچىسى. مەندىن ئەنسىرىمەنـ
مەي، ھەقىقى زورەكتىن بار قوشاق
لىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئۇنى
مەن خاتىرەمدە ساخلاپ قىلىپ،
ياخشى كۈنلەر كەلگەندە، يورۇق
قا چىقىرارمەن،— دېدىم.

—مۇرات– مەخسىتىڭگە يەت،
ئوغلۇم،— دەپ كوزىگە ياش ئالـ
دى ئۇ ۋە سوزىنى داۋام قىلدى،—
كورۈپ تۇرۇپسەن، ئەھۋالىم مانا
شۇنداق ئېغىر، ئۇقتانلار ئانچە—
مۇنچە قارىشىدۇ، بىراق ئۇلاردىن
ياردەم تەلەپ قىلىشتا ئوزەم خى
جالەت، چۈنكى ئۇلارنىڭ دەردى
ئوزىگە يېتىدىغۇ!

دەرت- ئەلەملەر جېنىمغا
مىلتەك سانچىلىپ ياتتى.
يوقسۇزلۇق ئازاۋىدىن،
بېشىم ئاگىراپ قاتتى.

ئوتكەن يىلى كۈزدە، ئوتۇنـ
ياغاچ سوراپ كوممۇنىغا بارسام،
ئۇلار ۋىسىنىڭ ئەمگەك كۈچۈڭ

يوق، ئۇتۇن بېرەلمەيمىز، بۇ كې
چىكىنى ئورمان لىدارىسىغا بېرىپ
ئېيت، دېيىشتى. ئۇ يەرگە بارـ
سام، ھەممىلا بولۇمدە خىتايلار،
تىلىمنى ئۇقىدىغان كىم، خىتايلار
ئارىسىدىن بۇ يەردە بىرلا ئۇيغۇر
ھاشىم چولاق دېگەننى تاپتىم، ئۇنىڭ
غا:

قىش بولسا يېتىپ كەلدى،
يەرگە چۈشتى قوۋ.
ئەھۋالىمغا يەتكەمسەن
ئۇكام ھاشىم چولاق،

دېدىم. ئۇ كۈلۈمسىرىدى.
—مەنمۇ يېتىمەن ئاكا، بىراق
«ئاكا مىللەت» نىڭ ئەستىقىسىز
ھېچ نېمىنىڭ ھەل بولالمايدىغانلىغى
نى چۈشىنىشىڭ كېرەك،— دېدى.
مەن ماسامغا تايىنىپ ئويگە قايـ
تىم. ئەتىسى ئۇ «بۇلى لويمىدىن
ئەكەلدىم» دەپ، بىر ھارۋۇ ئوتۇن
چۈشۈرۈپ بەردى. يەنە بىر ،،
ھارۋۇ مەڭگەن ئېپىپ قالاپ، مەي
دەمنى ئوچاققا قاخلاپ قىشنى
چىقاردىم. ئوچاق ئۈزۈدە ئولتى
رىپ مۇنداق قوشاقلارنى توقۇپ
قويدۇم:

ئوچاق ئوتىنى يۇ دەپ،
ساقال سارغىيىپ كەتتى.
چالنى قاخشاتقان دەرتلەر
ئۆرەككە بېرىپ يەتتى.
بار كۈچۈمنى بەرگەندىم،
بۇ ئومرۈمدە كەتمەنگە.
ياخشى كۈنلەر بولمىدى
ماڭا ئوخشاش دەرتمەنگە.
ماۋچىلار كازاپ ئىكەن،
قان ئىچەر جاللات ئىكەن.
خەلققە ئەلتۇركىنى
يامان كۆن - ئازاپ ئىكەن.
كوممۇنىغا ھەممىنى
تارتىپ، زىغىپ ئېلىشتى.
كەمبەغەل بىچارىلەر،
يالاڭاچ بوپ قېلىشتى.
ياخشىلارنى ماۋچىلار
خۇددى ئىشتەك تالىدى.
باللارنى زىغلىتىپ،
تۈرمىلەرگە قامىدى.
ماۋچىلار مات بولاتتى،
خەلق قوزغىلىپ تاشسا.
قىزىل گۈلدەك كۆلەتتىم،
كۆلىغا بەدەر قاچسا.

قاسىم قوشاقچى بىر دەم جىم
بولۇپ، ئاخىرىدا شۇنداق دېدى،—
—بالام، ئوز كوزۈم بىلەن كور
گەنلىرىم كوڭلۈمدە قوشاق بو
لۇپ توقۇلىدۇ. بىراق خەت ساۋا
دىم بولمىغاچقا، كوپىنى ئۇنتۇپ
كېتىمەن. سېنى ماڭا ئەۋەتكەنلەر،
مەيلى مەندىن خاپا بولۇپ قېلىـ
ۋەرسۇن. مەن ماۋچىلارنىڭ يالاق
چىلىغىنى قىلمايمەن. قازاندا نېمە
بولسا، چومۇچقا شۇ چىقىدۇ.
يەنە بىر كېلىپ، قوشاقلىرىمنى
يېزىپ كېتەرسەن.

مەنمۇ ماۋچىلار تەرىپىدىن
«خاتالاشقان كادرلار» قاتارىدا
«ئەمگەك بىلەن ئوزگەرتىشكە»
ھەيدالدىم. قاسىم ئاكا بىلەن يەنە
بىر ئۇچرىشىشنى نىيەت قىلىپ
يۈرگەن كۈنلىرىمدە، ئۇنىڭ ئاچـ
لىق ئازاۋىدا قىينىلىپ ۋاپات
بولغانلىغىنى ئاڭلىدىم ۋە [illegible]ق
قايغۇردۇم.

پەقەت تۇغۇلۇشلۇق ئەل سوۋېت
ئىتتىپاقىدا ئۇنىڭ زوقۇرىنى قو
شاقلىرىنى يونۇلقا چىقىرىشقا
مۇيەسسەر بولدۇم ئۈچۈن خو
شالمەن.

ئا. قاسىموۋ.

مەدەنىيەت تارىخى سەھىپىلىرىدىن

# مەرىپىتىمىز قەدەملىرى

مانجۇر- خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاسارىتى، دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇتەئەسسىپ تەسىرى، شۇنداقلا ئۆز ئارا مىللىي زىددىيەتلەر ۋەجىدىن مۇئەييەن دەۋر دىيارىمىز شەرقىي تۈركىستاندا بارلىققا كەلگەن مەدەنىي مىراسلىرىمىز، مائارىپىمىز، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە زاۋاللىق گىردابىدا چۆكۈپ قالغان ئىدى. چۈنكى، ئاچاللىق ئۇزۇمى بىلەن خەلقىمىز ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مانجۇر- خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن مەدەنىي چارىلارنى ئۆزگۈرۈشكە ھېچ قانداق كۆڭۈل بۆلۈنمىدى.

شۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندا ساياھەت قىلىپ، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن تونۇشقان قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋ ئۆز خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خەلق ئاممىسى ئاھايىتى كەمبەغەللىكتە ياشايدۇ. ئۇلار تىنىمسىز ئەمگەك قىلسىمۇ، يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ پايدىسىنى ئۆزلىرى كۆرگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئىلگەركى زامانلاردىكىدەك خاتىرجەملىكتە ياشىغان بولار ئىدى...». ئەينە شۇ ھايات كۆرۈنۈشىنى ئەۋرىتىپ تەسۋىرلىگەن سېيىت مۇھەممەت قاشىي «شەرھىي شىكەستە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۇچىسىدا كېيىپ كونا لىباسلار،
پۇتىدا چورۇق،
توشۇك ئامام ئەزالىرى ئوچۇق،
ئۆيىدە ساتقىلى ھېچ نەرسىسى
يوقتۇر، ئالغىلى ئەل يوق،
خىجالەت بىلەن ئولتۇرغان ئىدى،
غەمدىن باش كۆڭلى سۇنۇق،
خىيال ئەيلەپ ئېسىلىپ ئۆلمەككە،
بۇ ئىش ئاسان ئەمەس.

مۇنداق ئەمەلىي ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا خەلق مەدەنىيىتى ۋە مائارىپى ھەققىدە سۆز قىلىشنىڭ ھېچ ئورنى يوقلىقى مەلۇمدۇر. ئەينە ۋاقىتتا خەلق مائارىپىنىڭ تەقدىرى روھانىيلارنىڭ قولىدا قالغان ئىدى. مابادا خەلق ئىچىدىن چىققان بىلىملىك، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر مەكتەپلەر ئاچسا، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۇلىنى ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەقسىتى خەلقنى نادانلىقتا، جاھالەتتە تۇتۇشتىن ئىبارەت بولدى. پەقەت دىنىي مەكتەپلەردىلا ئىسلام شەرىئىتى ئەھكاملىرىنىڭ ئوقۇتۇلۇشىغا رۇخسەت قىلىناتتى.

شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي مەدرىسەلەرنىڭ بەزىلىرىدە دىنىي تەلىمات بېرىشتىن تاشقىرى تارىخ، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، ھېساباتچىلىق پەنلىرىنى ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان. ئۇلاردا قىسمەن زامانىۋى بىلىمگە ئىگە بولغان مۇدەررىسلەر دەرس بېرەتتى. ئۇ يەرلەردە ئوقۇتۇلىدىغان لۇتپىي، سەككاكىي ۋە ناۋائىيلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە چىن مۇھەببەت ھەققىدىكى شېئىر، غەزەللىرى، داستانلىرى، تالىپلاردا زور ھەۋەس ئويغىتاتتى. نەتىجىدە ئاھالى ئارىسىدا ھەم دىنىي، ھەم ئىلمىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. ئەينە شۇلارنىڭ تەسىرىدىن پارا-پارا ئۆلكىنىڭ ھەر خىل جايلىرىدا مەكتەپلەر ئېچىلىشقا باشلايدۇ. شۇ دەۋردە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن مەخسۇت سابىرى، ئەينە شۇنداق مەرىپەتچىلەر جۈملىسىدىندۇر. ئۇ غۇلجىدا مۇسابايېۋلار ئەۋلادى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان يېڭى مائارىپ سىستېمىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بولدى. مۇسابايېۋلار تەرىپىدىن 1889- يىلى ئىلىدا تەسىس قىلىنغان تۇنجى مەكتەپ «خۇسەينىيە» مەكتىپى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا «سايرامىيە»، «نۇرانىيە»، «دەۋلەت»، «مۇرات» ناملىق مەكتەپلەر كەينى- كەينىدىن تەسىس قىلىندى. ئۇلار ئىلى ۋادىسىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، زىيالىيلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن چوڭ رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر مەرىپىتى تارىخىدا شۇ دەۋردە تۇرپان ئاستانىدا مەدەنىي- مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىپتىدالىق دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. تەرەققىيپەرۋەر ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتىي ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىرىنىڭ بىرى بولدى. ئۇ تۇرپاندىن ئاخىربەگ باشچىلىقىدىكى ئۆمەكنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئالدىغا ئەۋەتىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن 1914- يىلى موسكۋادىن ھەيدەر سارالىي ئىسىملىك تاتار زىيالىيسىنى تەكلىپ بىلەن كەلتۈرۈپ، قوراسدا يېڭى مەكتەپ ئاچتى. ئۇنىڭ نامى «مەكتەبى مەسئۇدىيە» دەپ ئاتالدى، بۇ مەكتەپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنى 1901- يىلى دەسلەپ تاماملىغانلار ئۆلكىنىڭ ھەر بىر جايلىرىغا تەقسىم قىلىندى. بۇ ئىلغار ئىشنىڭ تەسىرى جاي- جايلاردا مەكتەپلەرنىڭ، مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زەمىن ياراتتى. 1894- يىلى ئاتۇشنىڭ ۋاق- ۋاق كەنتىدە تاش ئاخۇن تەرىپىدىن يېڭى مەكتەپ ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئىزىدىن ئاتۇشتا قۇربان ھاجى، ئۈرۈمچىدە ئەخمەت ھاجىلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە مالىيەۋى ئىئاناتى بىلەن ئېچىلغان يېڭى مەكتەپلەر مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ جانلىنىشىنىڭ ئىپادىسى بولدى. ئەپسۇسكى مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۆزىمۇ بۇ ئىلغار باشلانمىلارنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەشنىڭ ئورنىغا تەرەققىيپەرۋەرلىكنى تەرغىب قىلىدىغان مۇنداق مەكتەپلەرنىڭ كېيىنچە توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرالمىدى. لېكىن مۇسابايېۋلار ئەۋلادى بولغان باھاۋدۇن مۇسابايېۋ تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرگە قىلغان سەپىرىدىن كېيىن زامانىۋى بىلىم بېرىدىغان مەكتەپلەرنى كۆپىرەك ئېچىش تەسىراتى بىلەن ئاكىسى ھۈسەيىن باي ھاجىنى ئۇنداق مەكتەپلەرگە ھەمخورلۇق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار تەرىپىدىن ئېچىلغان «ھۈسەينىيە» مەكتىپى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق مە-

(ئاخىرى 4- بەتتە).

# مەرىپىتىمىز قەدەملىرى

(ئاخىرى، بېشى 3- بەتتە)

كتەپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مەكتەپنىڭ بارلىق خىراجىتى، ھەتتا ژىراق جايلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ تەمىناتىمۇ مەكتەپ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان بولغان.

كېيىنىرەك مەكتەپتىكى سىنىپلار كۆپەيتىلىپ، ئۇنىڭغا تۈركىيەدىن ۋە تاتار شەھەرلىرىدىن مۇئەللىملەر تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ئەينە شۇلارنىڭ ھەممىسىگە كەتكەن چىقىملار باۋاۋدىن بايى تەرىپىدىن تۆلىنەتتى. مۇستەبىتچىلەرنىڭ خەلقنى ئاداللىقتا تۇتۇش سەياسىتىمۇ ۋاقتى كەلگەندە زامان تەرەققىياتى ئالدىدا ھېچ توسالغۇلۇق قىلالماي قالدى. شۇ سەۋەپتىن 1885-يىلى ئەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاتۇش ناھيەسىدە ئۇرۇلغان بۇ «ھوسەيىنىيە مەكتىۋى» توسقۇنلۇقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، پۈتكۈل ئولكىدە مەرىپەت مەدەنىيلىكنى پالدۇرۇشتا مۇۋاپپەق بولالىدى.

شەرقىي ئۇركستاندىكى ئۇيغۇر مەرىپىتى تارىخى ھەققىدە سۆز قىلىشىمىزدا، 1917-يىلى موسكۋادا ئالىي بىلىم ئېلىپ كەلگەن گۈلەندەم ۋە ئىلى ۋىلايىتىدە مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە كۆپ كۈچ چىقارغان ئايخان ئانا قاتارلىق ئاياللارنىڭ ناملىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىش ئورۇنلۇق. گۈلەندەم ئۇرپاندا بىر نەچچە يىل مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، چۆچەك شەھىرىگە كېلىپ ئىككى مەكتەپ ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى كېيىن «مەكتىۋى گۈلەندىيە» دەپ ئاتالغان. ئايخان ئانا بولسا ئاتىسى ۋە يولدىشىدىن قالغان دۇنياسىنى سەرىپ قىلىپ، 1933-يىلى غۇلجا قازانچىدا ۋىچىملار مەكتىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مەكتەپ «خەيرىيە مەكتىۋى» دەپ نام ئالىدۇ. خەلقپەرۋەر ئايخان ئانا تەرىپىدىن ئېچىلغان بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بىر ئارىدا 300گە يەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل كىيىندۈرۈلەتتى. مەكتەپ باش-پاناسىز قالغان مىسكىن ۋە گېتىملارغا غەمخورلۇق كۆرسىتىپ، ئۇلارغا بىلىم، تەربىيە بېرىپ يېتىلدۈردى. ئوز خەلقى ئۈچۈن خەيرلىك ئىش قىلغان ئايخان ئانا بېگۇنا ئەيىپلىنىپ، شېڭ شىسەينىڭ قاتلىق تۈرمىسىدە قازا تاپقان بولسىمۇ، خەلق دىلىدا مەرىپەت چىرىغىنى ياققان مەرىپەتچى ئانا نامى ئامىنىڭ دىلىدا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى.

مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەقىپلەش بولۇپمۇ، ئۇيغۇرستاندا چەكسىز ھوكۇمدار بولۇۋالغان ياڭ زېڭشىنىڭ (1911-1928-يىللار) ھوكۇمرانلىق قىلغان يىللاردا تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر مەقسىتى خەلقنى ئاداللىقتا، قاراڭغۇلۇقتا تۇتۇشتىن ئىبارەت بولدى.

جاھالەت ئورۇنلىرىنى قاپلاپ تۇرغان بۇ مەزگىلدە ئاكا-ئۇكا مۇساباييۇلار خەلقنى ئويغۇتۇش، بىلىم ئېلىشقا جەلپ قىلىش مەقسىتىدە قەشقەردە ئوز خىراجەتلىرىنى سەرىپ قىلىپ، مىسىردىن ئېلىپ كېلىنگەن «مەتبەئەلىي خۇرشىدە» ناملىق تاش باسمىسى ئارقىلىق «ئاڭ گېزىتى» دەپ ئاتىلىدىغان گېزىت چىقىرىدۇ. ئۇ شۇ دەۋردە ئاداللىق ۋە جاھالەت بىلەن كۈرىشىش مىنبىرىگە ئايلانغان ئىدى. شائىر قۇتلۇق شەۋقىي مۇھەررىرلىكىدە ئەشىر قىلىنىشقا باشلىغان گېزىتنىڭ شەرقىي تۈركستان ئاھالىسى ئارىسىدا تەسىرى زور بولدى.

تارىم ۋادىسىدا باشلانغان يېڭى مائارىپنىڭ ماددىي ئاياغچىلىرى ئاكا-ئۇكا مۇساباييۇلار بولسا، ئەينە شۇ ئىلغار ئىدىيەلىك تەرەپ قىلغۇچىلارنىڭ بىرى- ئابدۇقادىر داموللا بولىدى. ئۇ ئاتۇش مەشھەت كەنتىدە ئىلغار پىكىرلىك ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، ئەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ژۇقۇرى بىلىم ئالغان. ئۇندىن كېيىن چەت ئەللەرگە چىقىپ، تەھسىل كۆرىدۇ. ئوز ۋەتىنىگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن مۇساباييۇلار باشلىغان يېڭى مەرىپەت دولقۇنىنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن قوللايدۇ.

ئابدۇقادىر داموللا ئوزىنىڭ «سەھەتى ئاما» ئەسەرىدە «ئەجنەبىيلەر ۋەتىنىمىزگە قول سېلىشقا باشلىدى. بۇ زامان غەپلەت ۋە بېۋاپالىق زامانى ئەمەس، ئىلىم، پەن، مەرىپەت دەۋرى بولۇشقا تېگىش. باشقا ئەللەر بىلىم- مەرىپەت بىلەن ھاۋادا ئۇچماقتا، سۇنىڭ تېگىدە گويا ئۆز-ئۆزلۇقتا يۈرگەندەك ئۈزمەكتە. ئۇيقۇ ئولۇمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر» دەپ يازىدۇ. ئۇ يېڭى ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن جان كويدۇرۇپ، ئۇزۇر ھاجى دېگەن كىشى بىلەن بىرلىشىپ «مەتبەئەلىي نۇر» ناملىق دەرسلىك يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ سەبدىشى، مەرىپەتپەرۋەر شائىر مەمتىلى ئەپەندىمۇ شۇ دەۋردىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي ئەتكۈزۈلۈشىگە چوڭ ھەسسە قوشتى. ئەپسۇسكى، ئۇمۇ شىڭ شى سەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركستان زېمىنىدا مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە تەرەققىي قىلغان ئەللەر، بولۇپمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭ بولدى. بۇ دەۋردە كۆپلىگەن ياشلار سوۋېت ئېلىدىكى بىر نەچچە شەھەرلەرگە چىقىپ ئوقۇپ، ئالىي بىلىملىك مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ چىقتى.

قادىر كېرىم.
بىشكېك شەھىرى.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044
ئېھەك بولى كوچىسى،
50-ئوي 8-قەۋەت

گېزىتنى ئەسىس قىلغۇچى قازاقستان سىمىرىچ، كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلىدا بېسىلىدۇ. ھەر باسما

П[illegible]-80

www.uyghurkitap.com

روزى قادىرى




(باللادا)

نېچۈن مۇنچە مۇڭلۇق، دەردلىك ياڭراي-
سەن،
نېچۈن مۇنچە يۇغان، غەمۇ- نادامەت!
نېچۈن مۇنچە ژۇرەك- باغرىم ئاتلايسەن،
نېچۈن مۇنچە زارلاپ چېكىسەن ھەس-
رەت؟

يە قېدىم ئۆلكىنىڭ قېدىم جوھرىن
ساقلىغاي، داغلاردا قېلىپ ئىڭراشمۇ؟
ئېيتساڭچۇ ئاڭلايمەن دەردىڭ ئۆگۈچىن،
يە كونا تارىخنىڭ ئورنىن يوقلاشمۇ؟
نە ئۈچۈن بۇنچە دەرت ئۆكىدۇ تارىڭ،
يە ئۇلمۇش زارىنىڭ سادالىرىمۇ؟
نە ئۈچۈن پەرىياتلار چېكىدۇ تارىڭ؟
ئەلەملىك كۆڭلەرنىڭ نىدالىرىمۇ؟

يە خاراپ قىلىنغان تەختى ماكانغا
ئۆتۈلگەن ماتەمنىڭ ئىپادىسىمۇ؟
يە ئوتقا تاشلانغان قادىر مەۋلانغا
ئېچىنغان قەلبلەر نىشانىسىمۇ؟
ۋابانى يېڭەلىگەن چىستان ئېلىكبەك-
خاتىرىسى ئۈچۈن ئىڭرىدىڭمۇ يە؟
يە موتىۋەر مەھمۇد ئەل قەشقەرىيدەك
ئۇستازنى ياد ئېتىپ، ياڭرىدىڭمۇ يە؟
يە ئەسىرلەر بويلاپ، زامانلار ئاشقان
شائىرلار ئاتىسى يۈسۈپ خاس ھاجىب
دەرتلىرىن بىزلەرگە يەتكۈزۈپ شۇئان،
دىلنى تەۋرەتتىڭمۇ بۇلبۇلدەك ئالىب.
ئون بىرىنچى ئەسىر شوھرىتىن ئەسلەپ،
چومولدۇڭمۇ ياكى كونا ئويلارغا؟
ماتېماتىك ئومەر قەشقەرىينى دەپ،
چوكتۇڭمۇ قايغۇلۇق، مۇڭلۇق كۈيلەر-
گە!..
«قېنى ئۇلار بەرپا ئەتكەن لەسۋاپلار،
كائىناتقا مەخسۇس يۈتكەن كىتاپلار؟!
قېنى ژىلنامىلار، قاياققا كەتتى،
يۇلتۇزلار جەدۋىلىن كىملەر يوقاتتى؟!
ئاھ، بىزلەرنى مەنەن قاشىشاق قىلدىن
كىم؟
چەت ئەللىك ئوغرى يە قاراقچى، بەل-
گىم!»

دېگەن بىر ئەپسۇس ۋە تەنەججۇپ ئاۋاز
كىرەر قۇلۇغىمغا، سەندىن ساتارىم!
ئۆللىرىڭ بەخش ئېتەر مۇڭلۇق بىر پەرۋاز،
ئەي دەرتتىن يارالغان، دىردتتىن ياڭرارىم.
يە يېتۈك غەزەلخان نوبىتي ھەققى،
كوڭۈلدە يارىڭنى تېركەكتىمۇ سەن؟
زاماندىن زارلىشى، ھەسرىتى ھەققى،
نادامەت تارىڭنى چەكەكىنمۇ سەن؟
«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئۈچۈن
ۋۇجۇدىدا بارىن بەخشەندە ئەتكەن
شائىر خىرقىتىينىڭ ئىستىدات كۈچىن،
ھەققىگە شۇ قەدەر يېتىملىق يۈتكەن:
سەنمۇ بۇ، كوڭۈلنى ئېرىتىدۇ بۇنچە،
يە زەللىلي نەزمى ئارمانلىرىمۇ؟
قەلبنى تەۋرىتەر، تىترىتەر شۇنچە،
يە سالاھى دىلى پەرمانلىرىمۇ؟
نېچۈن دەرتتىن بۇنچە لېشىپ سوزلەيسەن؟
يە بولدۇڭمۇ سەندى مۇڭغا شېرىك؟
يە رابىە غېمىن، دەردىن كويلەيسەن،
ئۇلارنىڭ ئورنىدا سەن بولغاچ تىرىك!
ئېھتىمال، زىيائي قەلبى ئەمرىگە،
غەرىبىي ژۈرىگىن بۇيرۇغىغا ھەم
ئولۇم بىلمەس بىلال نازىم ئومرىگە،
قەھرىمان سادىرنىڭ قوشىقىغا ھەم
ئاھاڭداش ئاۋازىڭ كوكلەرنى ئۆتار،
پۈتۈن جاھان ئاستا تىڭشىسا گويا،
تەنلەرنى ياپراقتەك بىر - بىر تىترىتەر،
ئاڭا ھەمساھاڭدا ئۈچىدۇ سابا.
يە نەغمە گۈلشىنىن ئاۋات ئەيلىگەن،
ھېلىم- سېلىملارنى يادلاش كۈيىمۇ
يە ئۆرداخۇن روزى تەمبىرنى سويگەن
قەلب جۇدالىغىدىن داتلاش كۈيىمۇ؟
نە مۇنچە ياڭرايسەن ئوۋجىغا چىقىپ،
يە ئولمەس مۇنەللىپ كوچكەن كۈنىمۇ
بۇ؟
ھەتتا ھەر پەردىدىن ئىسسىق ياش توكۈپ،
ژىغلايسەن، مۇسىبەت قوچقان كۈنىمۇ
بۇ؟!
نېچۈن تارىڭدىن ماتەملىك بىر كۈي،
نېمىشقە كۈيلىرىڭ شەھكىن دىل ئېزەر!
ژۈرىگىمدە ئىسيان كوتەرگەن بىر ئوي،
شېھىتلار يېتىمىن بېتىنىم كېزەر.
يە ژۈت دەردى، بەختى ئۈچۈن جان بەر-
گەن،
يەتتىزلار ئىپارخان ئەسكە كەلدىمىز؟
ئەل ھۆرلىگىن ئىزلەپ، مەردلىك كۈل ئەر-
گەن
كۆرەشچان سويگۈسى ئوركۇم قىلدىمۇ؟
ئاخىرى بار

روزى قادىرى




(ئاخىرى، بېشى ئۆتكەن ساندا)

يە جاسۇر قوشاقچى ئارزۇيۇم روھى
سېنى ئەسىر قىلىپ ئالغانمىدى يە.
يە قورقماس مايىمخان، گۈلەمخان مېھرى
كۆكسۈڭگە يۈتمەس دەرت سالغانمىدى
يە.
يە ئىسسىياڭكار سېيىت نوچىنى ياداپ،
كۈيلەنگەن مۇسىبەت ئاھاڭلارمۇ بۇ؟
قۇرۋانلار ئانىسى تىلىدىن داتلاپ،
تولغىغان مۇناجەت ئاھاڭلارمۇ بۇ؟
يە دانا نەخمەتجان قاسىمى ئۈچۈن
باغرىدىن ئۆرتەنگەن خەلق ئاھىمۇ؟
نەخمەتجان مېھرىنى سىڭدۈرگەن پۈتۈن-
ئۇيغۇرىستان ئېلى داد پەريادىمۇ!
يە ياۋدىن ئىنتىقام ئالالماي ئۆلگەن،
داغۇ- ھەسرەتلەردە كەتكەنلەر ھەققى،
دۈشمەن ئايىغىدا چەيلەنگەن، سولغان،
دۇنيادىن بىمەھەل كەتكەنلەر ھەققى،
يە ئارى، ئېيىپتى دەيسەن قىلىنغان-
قىز- جۇگان ئۈچۈنمۇ بۇ نالە، پەرياد!
يە ئۆمرىگە قوللۇق زەنجىر سېلىنغان،
پارچە نان قوللىرى ئۈچۈنمۇ بۇ داد!
يۈلتۈل ھاياتىنى باققا بېغىشلاپ،
مېۋىسىن يېمىگەن ئارمانلىق باغۋەن،
يە ژىل بويى يەرگە تەر تۆكۈپ، ئىشلەپ،
ئاچ- يالىڭاچ ئۆمۈر كەچۈرگەن دېھقان
ئاھىنىڭ ئۆزىمۇ، ئېيتقىن ساتارىم،
باغرىمنى ئۇزۇنچىلە ئىمزادەك نالە قىلىپ،
تا شۇ مۇز ژۈرەكنى ئېرىتار سازىم.
مۇڭ- دەرت ئالىمىن ئىمزادەك نالە قىلىپ.
يە زالىم دەستىدىن ئوت زۇلىن تاشلاپ،
ئوزگە ژۇتقا كەتكەن غېرىپ زارىمۇ!
دىيارى ھىجرىدە كۆزلىرىن ياشلاپ،
ژۇرگەن سۇنۇق كۆڭۈل غېمى ئاھىمۇ؟
ھەيرانمەن، كۆكسۈڭگە سىغالىدۇر قانداق
بۇ ئەلەم، بۇ قايغۇ، بۇ مۇڭ دۇنياسى؟
جاھان- جاھانچە دەرت تۆكسەڭ ھەر
چاغ،
ئۈنىڭدىن يارالمىش قايغۇ دەرياسى.

*

بەس، ئەندى مۇڭلانما، ئەزمە دىلىمنى،
جوشقۇن ۋەخۇش- ئاۋا ياڭرا، ساتارىم!
خەستە كۈيلەرگە كۆپ بۇرما تىلىڭنى،
جاراڭدار ئاھاڭدا سايرا، ساتارىم!
قاچانغىچە قايغۇ، غەمدە ئىڭرايسەن،
شادلىق سادا بىلەن ياڭراش چېغى بۇ!
قاچانغىچە قىسمەت دەيسەن، زىغلايسەن،
قىسمەتنى ئوزگەرتىپ سايراش چېغى بۇ!
بۇ زامان باشقىچە مەزمۇنى شادلىق،
مەمنۇنىيەت كۈيىنى كۈيلىشىڭ لازىم!
كۆڭلىمىز، دېھىمىز بىر- بىرىدىن ئاتلىق،
بۇنى شادلىق بىلەن سوزلىشىڭ لازىم!
باق، ئەينە دۇتارۇ، دومبىرا ئۈنى،
نە قەدەر قايناقتۇ، نە قەدەر شوختۇر!
خوش ئاۋا تارتار كۆزنى ھەم ئۈنى،
دىللارغا قوشىقىنى ھەۋەستۇر زوقتۇر!
سەنمۇ شەۋقلى ھەۋەس كۈيلىرىگە كۆچ،
ھەسرەت سادالىرىن توختات ساتارىم!
ئىشتىياق ئۈستىگە ئىشتىياقلار قوش،
ئەي قېھىمىدىن ئالەم تىلىدا يارىم!
بۇ زەۋق قەلبىدىكى سادانى ئاڭلا!
بەختكە بولەنگەن قىزلار- ئوغلانلار.
دەريادەك كۆكىرەپ، تېشىپ جاراڭلا!
يېتىلدى ئەجايىپ ساھىپ قىرانلار.
بىرلىرى بىناكار، بىرى چاچار نۇر.
بىرلىرى ئاگرونوم، بىلىمدان دېھقان،
بىرلىرى گېئولوگ، بىرلىرى شائىر،
بىرى پولات قۇيۇپ تولغايتىمىز شان.
بۇ دەۋران ساھىبى شۇلاردۇر، بىلگىن،
شۇلاردەك جوشقۇنلاپ، سايرا، ساتارىم.
زامانىم شاتلىقى بىلەن لىق تولغىن،
ئىلدەك تاشقىنلاپ، ياڭرا، ساتارىم!

م. ھېكىمى

# غەزەللەر

پەرھاتىمەن

ئەزىز يارىم، گۈلستاندا گۈزەل بەختىڭگە دىلشادىمەن،
ھۇزۇرۇڭدا ئۆمۈر سۈرسەم، ھىجران زۇلمىدىن ئازادىمەن.